دوكتور نىمەتۇللاھ رەشىدى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرئىلى - ئۇيغۇرىستان ھەققىدە

101 ئەگەر

دوكتور نىمەتۇللاھ رەشىدى

ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم :

سىياسەت-نەتىجە سەنئىتى، ئۇستات مەسىلىسىدۇر. دەۋلەت-ئەنئەنە مەسىلىسىدۇر. تارىخ-ئىبرەت ئېلىشقا ۋە قۇلاق سېلىشقا تىگىشلىك ئادىل دوست ۋە شاھىتتۇر، دۆلەتلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە ھەربى جەھەتتىكى پايدا زىيانىنىڭ ھىساپ دەپتىرىنى تۇتىدىغان، مەنىۋى جەدۋىلىنى سىزىدىغان ئانا بىلىمدۇر .

دەرۋەقە 20 ئەسىرنىڭ 30 يىللىرىدىن بىرى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان شەرقى تۈركىستان مىللى مۇستەقىللىقىدىن ئىبارەت بۇ سىياسى پائالىيىتىمىزدە گەرچە ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىپ تارىخ بېتىدە شانلىق ئىزلار باسقان بولساقمۇ ،ئەمما ئىنقىلاپ مېۋىلىرىنى قوغداپ قېلىشقا قادىر بولالمىدۇق. كېيىنكى زامانلاردا خەلقئارا سەھنىلەردە يۈرگۈزۈپ كەلگەن شەرقى تۈركىستان داۋاسىدىنمۇ ھىچبىر نەتىجە ئالالمىدۇق .

بۇخۇلاسىنى داۋانىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر رەھبىرى مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتىكىن ئەفەندى شۇ شەكىلدە تىلغا ئالىدۇ :

«ئۇزامانلار پۈتۈن دۇنيا بۇ دەھشەتتىن تاماشا كۆرۈپ، شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ دات پەرياتلىرىنى ھىچ كىم ئۇخمىدى. مەن بۇ ئەھۋالنى ئىنسانلىق ئالىمىگە، دىنداشلىرىمىزغا، قېرىنداشلىرىمىزغا بىلدۈرۈش، چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلاردىن ياردەم سوراش ئۈچۈن ئۇتتۇرا شەرىق، ئۇزاق شەرىق دۆلەتلىرىنى ساياھەت قىلدىم.

38 – 40 يىللىرى ئارىسىدىكى بۇ ساياھىتىم جەريانىدا جوڭگو، فىلىپپىن، سىنڭگاپور، سەيلون، ھىندىستان، سەۋۇدى ئەرەبىستان، مىسىر، تۈركىيە، لىۋان ،سۈرىيە، ئىراق، ئىران، ئاۋغانىستان ،بىرما قاتارلىق دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىپ ئۇلارنىڭ دۆلەت ئەرباپلىرى ،سىياسى ،دىنى ۋە مىللى داھىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈم . ئىچىنىشلىق يېرى

www.uyghurkitap.com

شۇكى : شەرقى تۈركىستاننىڭ دەردى داۋالىرنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقىنىم ئۇ دۆلەتلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ مەشھور ئەرباپلىرىدىن ھېچ قانداق ياردەم كۆرەلمىدىم ۋە ئالالمىدىم. خۇسۇسەن تۈرك دۇنياسىنىڭ مەنىۋى رەھپىرى. يېگانە ئۈمۈت بۇلىغى، باش پاناھى ئەزىز تۈركىيەمىزدە *1954*- يىلىدىن ئېتىبارەن ھەر ئۆزگۈرۈشتە دىگىدەك دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت رەئىسلىرىمىزگە، دۆلەت مۆتىۋەرلىرىمىزگە، دىنى، مىللى ۋە سىياسى رەھپەرلىرىمىزگە شەرقى تۈركىستاننىڭ دەردى-داۋالىرنى چۈشەندۈرىدىغان مۇختىرالار، مەكتۇپلار تەغدىم قىلدىم. بەزىلىرى بىلەن بىۋاستە كۆرىشىپ چۈشەندۈردۈم . كىتاپلار، مەجمۇئەلەر، مەلۇماتلار، قوللانمىلار نەشىر قىلدۇردۇم. ئەپسۇسكى پۈتۈن بۇ ئەجىرلىرىمگە، زىيارەتلىرىمگە، غەيرەتلىرىمگە تۈشلوق دىنداشلىرىمىزدىن، ئېرىقداشلىرىمىزدىن، ئىنسانلىق ئالىمىدىن ياردەم كۆرەلمىدوق .»*(3)*

[ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن « ئەسىر شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن» *9. 10*. بەتلەر تۈركچە نەشرى ئىستانبول *1985*]

’’Esir Doğu Türkistan İçin” (İsa Yusuf Alptekin’in Mücadele Hatıraları) 9., 10s. Doğu Türkistan Neşriyat Merkezi 1985 İstanbul.

ئەجابا نىمە ئۈچۈن؟

بۇيەردىكى تۈپ مەسىلە مىللىتىمىز ۋە مىللى مۇستەقىللىق ئىنقىلابىمىزنىڭ تەغدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسى پىرىنسىپ ۋە غايىسىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەۋجۈت ئىمكانىيەتلىرىدىن ھالقىغان پانتۈركىزىم (كەڭ تۈركچىلىك)، پانئىسلامىزىم (كەڭ ئىسلامچىلىق) غايىسى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقى، مىللەتنى ئىرقى ئاساسىقا يۆلەپ،

پۈتۈن تۈركلەرنى بىر مىللەت، بىر ۋەتەن، بىر دەۋلەت، بىر بايراق ئاستىدا ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسى بىرلىكنى مەخسەت قىلغان ئىمكانسىز ئارزۇ ھەۋەسلەرنىڭ پىشىغا

چۈشكەنلىگى، بۇ خائىش ۋەجىدىن دۇنيا جامائىتىنى ئۆركۈتكەنلىكىدىن، پۈتۈن تۆركلەرنىڭ بىرلىگىدىن ئەندىشە قىلغان روسلار بىلەن خىتايلارنى ھەمكارلىقا زورلىغانلىقىدىن، مىللى ئىنقىلاپلىرىمىزنى بىللە بىسىقتۇرۇشقا تۆرتكە بولغانلىقىدىن ئىبارەت ...

ھالبۇكى، پانتۆركىست ۋە پانئىسلامىست بولۇشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىگى مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتكىن ئەفەندى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەچكە، ئىزباسار سىياسەتچىلەر تەرىپىدىنمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ۋازكىچىلمەس ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ، بۇگۇنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ ئىدىئولوگىيەسى ھالىغا كەلگەنلىگى مەلۇم.

........Milliyetçiler ve Çinciler (Hıtaypereslер), İli’din gelenlere (vekillere), ‘’Kızıl kuyruklar’’ adını taktılar. ‘’Hurracilar’’ adını taktılar. Ruslarda alkış ve hücum sözü olan ‘’Hurra’’ da. Solcular da bu tarafa ’’Çinci, Panturkist, Panislamist’’ gibi isimler takıyorlardı. Halbuki Pantürkist veya Panislamist olmak bir şereftir. Bütün esir Türkler kurtulsun, bir devlet haline gelsin, Bu kötümü ? Bu Rusya’nın en çok korktuğu fikirdi…

«...مىللەتچىلەر ۋە خىتايچىلار. ئىلىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى "قىزىل قۇيرۇقلار" ، "ھۇرراچىلار" دەپ ئاتىۋالدى. "ھۇررا" دىگەن سوز رۇسلاردا ئالقىش ۋە ھۇجۇم مەنىسىنى بىلدۇرىدۇ. سولچىلارمۇ بۇ تەرەپتىكىلەرنى "خىتايچى"، "پانتۇركىست"، "پانئىسلامىست" دەۋالدى. ھالبۇكى، پانتۇركىست، پانئىسلامىست بولۇش بىر شەرەپتۇر. پۈتۈن ئەسىر تۇركلەر بىر دەۋلەت ھالىغا كەلسە يامانمۇ ؟ بۇ رۇسيەنى ئەڭ قورقىتىدىغان فىكىر ئىدى... »

‘’Esir Doğu Türkistan İçin’’ (İsa Yusuf Alptekin’in Mücadele Hatıraları) 461 s. Doğu Türkistan Neşriyat Merkezi 1985 İstanbul.

خەلقىمىنىڭ تەغدىرىگە بولغان ئەخلاقى مەسئولىيىتىم ۋە ۋىجدانى بۇرچۇم مىنى تىببى داۋادىن ھالقىپ سىياسى داۋاغىمۇ يۈزلۈنۈشكە، جۈملىدىن بۇ خۇسۇستا قەلەم

www.uyghurkitap.com

تەۋرىتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئون يىللىق تەتقىقات نەتىجىسىدە *1994*- يىلى «ئۇيغۇر نەگە بارىدۇ؟» سەرلەۋھەلىك بىر كىتاپ يازغان ئىدىم. بۇ كىتاۋىم ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم زىيالىلار ئاراسىدا قولىيازما شەكلىدە تارقىتىلغان بولسىمۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىجابى ئىنكاس ئالالماي، ئەكسىچە ھەرخىل چەكلىمىلەرگە، ھەتتا تەھدىتلەرگە ئۇچراپ نەشىر قىلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان ئىدى...ھەتتا مىنى سىياسى داۋادىن ۋاز كىچىپ تەكرار تىببى داۋاغا يۈزلىنىشكە، بۇ ساھادا مۇۋاپىقىيەت قازىنىشقا زورلىغان ئىدى...

ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، خەلقىمىنىڭ ئىنتىزارى تۈپەيلىدىن بۇ ئەسىرىمىنى قايتىدىن رەتلەپ، ئاساسلىق مەزمۇنلارنى" *101* ئەگەر" شەكلىدە ئىخچاملاپ، دىققەت - ئېتىبارىڭلارغا ھاۋالە قىلىشنى، ئاندىن تولۇق نۇسخىسىنى سۇنۇشنى مۇناسىپ كوردۇم...

مەخسەت قايمۇققان، گاڭگىرىغان، تەمتىرىگەن ئۇيغۇر خەلقىنى بىر ئان ئاۋۋال مىللى ئاڭ، مىللى غۇرۇر، مىللى ھىسيات، مىللى كىملىك ۋە مىللى ئوزلۇكىگە ئىرىشتۇرۇش، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئۇيغۇتۇش، ئىچكى-تاشقى ئىمكانىيەتلەرگە كورە توغرا سىياسى غايە تاللاشقا دالالەت قىلىشتۇر.

ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم :

ئەجابا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى *13*– جۇمھۇرباشقانى مۇھتەرەم رەجەپ تايىپ ئەردوغانىنىڭ جۇمھۇرباشقانلىق سولىتىدىكى *16* يۇلتۇزنىڭ بىر دانىسى تارىختىكى ئۇيغۇر دولىتىنىڭ ئىشارىتى ئىكەنلىگىدىن خەۋرىڭلار بارمۇ ؟

دەۋلەت – ئەنئەنە مەسىلىسىدۇر. ئەجابا بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيەدە بۇ تەرزدە خاتىرلەشكە ئەرزىيدىغان، دۇنيا جامائىتى ھەتتا خىتاي تارىخچىلىرى تەرىپىدىنمۇ ئىتراپ قىلىنغان *1270* يىللىق تارىخى ئۇيغۇر دەۋلىتى *(744 – 1335)* ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغىنىمىز تۇزۇكمۇ ياكى تارىختا قۇرۇلۇپ باقمىغان تۈركىستان دەۋلىتىگە ياكى قۇرۇلغان تەقدىرىدىمۇ دۇنياچە ئىتراپ قىلىنمىغان *85* يىللىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغىنىمىز تۇزۇكمۇ ؟

كۈنىمىزدە خىتاي زۇلمى ئاستىدا تىنچە ئىزىلىۋاتقان، شىلىنىۋاتقان، خارلىنىۋاتقان، زارلىنىۋاتقان، خورلىنىۋاتقان، زورلىنىۋاتقان، قىيىلىۋاتقان، سوقۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى، ئۇيغۇر مىللى كىملىكىنى، ئۆزلۈكىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان، دۇنيا جامائىتى ھېسداشلىق قىلالايدىغان مەنتىقلىق غايىنى تاللىغىنى تۈزۈكمۇ ياكى يەتكىلى بولمايدىغان بۈيۈك تۈركىستان خام-خىيالى بىلەن دۇنيانى ئۈركۈتۈپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلغىنى تۈزۈكمۇ؟ بۇ ئۇيغۇر داۋاسىغا كوڭۈل بۆلىدىغان سىياسەتچىلەر، تارىخچىلار، مىللەتچىلەر ۋە ئۈممەتچىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا ھاۋالە قىلىدىغان جىددى مەسىلىدۇر .

ھىندىلاردا شۇنداق بىر ماقال بارمىش: “نادان، جاھىل ئىنسانلارنىڭ پىكرىنى ئۆزگەرتىش – تىمساقنىڭ ئاغزىدىن مەرۋايىت ئېلىشتىنمۇ ياكى يىلاننىڭ بېشىغا گۈلدەستە قويۇشتىنمۇ تەس ئىش.”

ئادەتلەنگەن كوزقاراشلارنىڭ بويۇنتۇرۇغىدىن قۇتۇلالمىغان شەرقى تۈركىستان لىق دوستلارغا ئۇيغۇر كىملىگىدىن ئىبارەت بۇ ئورتاق نوختىدىن ھەركەت قىلىشنىڭ، ئۇيغۇر دۆلىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ زورۇرىيەتىنى ئۇختۇرالماسلىقنىڭ ئازابىنى چەككەن بولسامۇ، بۇ خۇسۇستىكى ئىلمى تەتقىقات ۋە يەكۈنلىرىمدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىت-ئارزۇلىرىمدىن ھەرگىز ۋاز كەچمىدىم. ئەكسىنچە، بۇ جەرياندا تېخىمۇ كەڭرى، تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىلمى مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم. شۇنداقتىمۇ سەۋەنلىكلەرنىڭ سادىر بولىشى تەبىئى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھالىغا كويۇنگەن، تەقدىرىگە قىزىققان ھەرساھا ئەرباپلىرىنىڭ تارىخى ھادىسەلەرنى ئىلمى يۇسۇندا تەتقىق قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، مەۋجۇدىيەتلەرگە ھورمەت قىلىش ئاساسىدا ئاقىلانە جەسۇرانە مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

دادام رەھمىتىنىڭ “سۇس مۇسۇلماندىن چۇس كاپىر ياخشى “دىگەن نەسىھەتى ھېچ ئەقلىمدىن چىقمايدۇ. مەجبۇرىيەتتىن شەكىللەنگەن بىر مەھەللىك سۇسلۇقنى چۆرۈپ تاشلاپ چۇسلۇققا يۈزلۈنۈپ، ھەر ئېھتىمالنى نەزەر ئېتىبارغا ئېلىپ خەلقىمنى توغرا سىياسى غايە تاللاشقا دالالەت قىلىشنى ۋىجدانى بۇرچۇم دەپ بىلدىم.

خىتايلاردا " 不要吃老本要立新功" دېيدىغان بىر گەپ بار. يەنى" دەسمىنى كوشەۋمەي يېڭىلىق ياراتقان تۆزۈك" دېمەكچى... بىز ئۇيغۇرلار تارىختا بۈيۈك ئىمپېرىيە ۋە بۈيۈك دۆلەتلەر قۇرغان تۇرۇغلۇق، شۇنچە تارىخى مۆجىزەلەر، ئەسەرلەر،

يادىكارلىقلار، يالدامىلار ياراتقان تۇرۇغلۇق نىمە ئۈچۈن مۇستەقىل دۆلەت قۇرالمىدۇق... ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشىمىز، يېڭىلىق يارىتىشىمىز، مۇۋاپىقىيەتسىزلىكنىڭ سەۋەبىنى خەختىن كورۇپ" ئورۇس ساتتى، خىتاي ئاتتى، ئۇيغۇر ياتتى" دېيدىغان ھىسسى يەكۈنلەر بىلەن ئۆز-ئۆزىمىزنى ئالدىماسلىقىمىز لازىم.

ئۆتكەن-كەچكەن بالايى ئاپەتلەرنىڭ، تارتقۇلۇق-كورگۈلۈكلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ ئاڭسىزلىقى، نادانلىقى، بوشاڭلىقى، بوزەكلىكى، ئاخماقلىقى، جاھىللىقى ۋە ئىناقسىزلىقىنىڭ كاساپىتى، ئۆزگىدىن كايىشنىڭ ھاجىتى يوق... قىقىسى، تارىختىن بىرى مەدەنىيەت ئۈستۈنلىكى بىلەن كۈچلۈك ئىمپېرىيە ۋە دۆلەتلەر قۇرۇپ مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانا ۋەتىنىنى يەنى ئۇيغۇر ئېلىنى مەنتىقلىق تەفەككۇر ئىچىدە ئىسپاتلاشقا قادىر بولالمىدۇق. ھەتتا، خىتاي ئاساسىقانۇنىدا بېرىلگەن مىللى ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى قوغداشنىمۇ بىلەلمىدۇق...

ھەممىدىن ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى: بۈگۈنكى كۈندە خىتاي ئاساسىقانۇنىدا بېرىلگەن مىللى ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرى بىلەن ئۆزىمىزنى قوغداشنى تەرغىپ قىلغانلىقى ئۈچۈنلا تۈرمىگە تاشلانغان جەڭگىۋار ئۇيغۇر پەرزەندىسى ئىلھام توختىغا جازا ئۈستىگە جازا يۈكلەپ خائىنلىككە چىقىرىشقا، ھەتتا ئۇيغۇر تارىخىدا ئوچمەس ئىزلار ياراتقان ھۆرمەتكە سازاۋەر داھىلىرىمىزدىن مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمىنى مۇناپىقلىققا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، شۇمخەۋەردىن شوھرەت تاپىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ زىيالىلارنى يېتىشتۇرۇۋالدۇق....

بۈگۈنكى مەنپەئەت دۇنياسىدا ، ھىچقانداق دۆلەت كىچىك مەنپەئەت ئۈچۈن بۈيۈك مەنپەئەتىنى قۇربان قىلمايدىغانلىقىنى، مەنپەئەتتىن ھالقىغان خەيىر-ساخاۋەتنىمۇ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى،

مىللى مەنپىئەتنىڭ ھەرقانداق شارايىتتا ھەرقانداق سىياسى خائىشتىن ۋە دىنى ئىتقاتتىن ئۈستۈن ئىكەنلىگىنى بىلەلمىدۇق ...

شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە، خەلقىمىزنىڭ مۇقەددەس مەنپىئەتىگە تاقاشقان ئەڭ مۇھىم مىللى مەسىلە: ئورۇستىن (سوۋېت ئىتتىپاقى) پايدىلىنىپ خىتايدىن قۇتۇلۇشمۇ ياكى ئورۇس بىلەن زىتلىشىپ خىتايغا تۇتۇلۇشمۇ؟ دىگەن جىددى سوئالدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خۇسۇستا خەلقىمىز ھەر قانداق بەدەل تولەشكە، قۇربان بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. بۇندىن باشقا ھىچقانداق چىقىش يولىمۇ يوق ئىدى.

ئەگەر تەقدىرىمىزنى ئويلايدىغان مىللەتچى، ئۇممەتچى رەھبەرلىرىمىز بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ مەنپىئەت تارازىسىنىڭ ھىساپ-كىتاۋىدىن مەنتىقلىق يەكۈن چىقىرىشقا قادىر بولالىغان بولسا ئىدى، بىز بۇ كۈنگە قالمىغان بولاتتۇق، تاشقى مونغولىيەچىلىك سىياسى مەۋقىگە ساھىپ بولاتتۇق،، بۇنى شەرقى تۈركىستانلىق رەھبەرلەردىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن سوۋېت ھوكۇمىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا خىتاي گېنىرال تاۋسىيوغا قىلغان مۇستەقىللىق تەكلىپىدىن ۋە مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن مەرھۇم ئەيسا يۇسۇپ ئالپتەكىن ئەفەندىنىڭ بىتىمدىن كيىن جاڭ جىجوڭ نىڭ نەنسەن دە بەرگەن زىياپىتى جەريانىدا قىلىنغان سوھبىتىدىن تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن....

”Esir Doğu Türkistan İçin” (İsa Yusuf Alptekin’in Mücadele Hatıraları) 469, 470, 471, 478 s. Doğu Türkistan Neşriyat Merkezi 1985 İstanbul.

ئەگەر نوقۇل تىل ئوخشاشلىغى بىلەن بىرلىشىپ بىر دەۋلەت بولىۋالىدىغان ئىش ئۈنچە ئوڭاي بولىدىغان بولسا، جانابى ئاللاغا تىلىنى ياقتۇرتۇپ قۇرئانى كەرىمنىڭ نازىل بولىشىغا سەۋەپچى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىدىن بولغان ئەرەپلەر ئاللابۇرۇن بىرلىشىپ بىر دەۋلەت بولىۋالغان بولاتتى...

ئىسرائىلغا قارشى بىر جان-بىر تەن بولۇپ تاقابىل تۇرالىغان بولاتتى... شۇنىڭدەك لاتىن ئامېركىسىدىكى ئىسپان تىلىدا سوزلىشىدىغان دولەتلەر، ياۋرۇپادىكى نېمىس تىلىدا

www.uyghurkitap.com

سوزلىشىدىغان دولەتلەر، ئافرىقىدىكى ئىنگلىز ۋە فرانسۇز تىلىدا سوزلىشىدىغان دولەتلەر، بىربىرىگە يان-خوشنا بولغان ئامېرىكا بىلەن كانادا، تۈركىيە بىلەن شىمالى سىپرۇس تۈرك جۇمھۇرىيىتى، ھەتتا بىر- بىرىنى بىر مىللەت ئىككى دولەت دەپ تەرىپلىگەن ئازاربەيجان ۋە تۈركمەنىستان، تۈركىيە بىلەن ئاللابۇرۇن بىرلىشىۋالغان بولاتتى...

ئەگەر نوقۇل دۇئا-تەكبىر بىلەن ھەر ئىش ئوڭاي ھەل بولىدىغان بولسا دۇنيانى ئىچىندۇرۇۋاتقان پەلەستىن مەسىلىسى مىليونلىغان دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇنچە دۇئاسى بىلەن ئاللا بۇرۇن ھەل بولغان بولاتتى... ئەرەب دۇنياسى ھەممىدىن بەك گۇللەپ ياشنىغان بولاتتى. ئىناقسىزلىق پاتقىقىغا بۇنچە پاتمىغان بولاتتى... بىر زامانلار جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن ياراتىلغان ئىسرايىل ئەۋلاتلىرى (باقارا سۈرەسى47. ۋە 122. ئايەتلەر) ئاللابۇرۇن جازالىنىپ ۋەيران بولغان بولاتتى ... خىتاي ئىمپېرىئالىزمى بۇنچە كۈچىيىپ دۇنيانى ئۈركۈتكىدەك ھالغا كەلمىگەن بولاتتى...قىسقىسى، كەسپى دۇئا بىلەن شۇغۇللانغان بارلىق ئولىمالار، ئىمام - مەزىنلەر ھەتتا قەلەندەرلەرنىڭ ھەممىسى بېيىپ كىتىپ دۇنيانىڭ خوجىسىغا، زەردارلىرىغا ئايلانغان بولاتتى... بىر مىللەت، بىر دولەتنىڭ تەرەققىياتى، پەقەت ئومۇمىيۈزلۈك ئىلىم- مۇئارىپ ۋە پەن-تېخنىكىغا دەسمى سىلىشقا، ئەقىل-پاراسەتنى جارى قىلدۇرۇشقا باغلىقتۇر. كۈچ-قۇۋەت بىلىمدىندۇر، سائادەت ئىلىمدىندۇر.

بىز ئۇيغۇرلاردا "بۇغداي ئۈنمىگەن يەرگە ئارپا تېرىپ باق" دەيدىغان بىر ماقال بار. بىز بۇ مۇنبەت تۇپرىقىمىزغا سۆيەتلىك ئۇرۇقلىرىمىز تۇرۇغلۇق بىر نەرسە ئۈندۈرەلمىدۇق. ھەتتا ئۈنۈپ چىققىنىنىمۇ پەرۋىش قىلالمىدۇق... بۇ تەۋسىيەم ئۇيغۇر داۋاسىغا كۆڭۈل بولگەن مىللەتچى، ئۇممەتچى، سىياسەتچى، تارىخچى، ئىنقىلاپچى دوستلارنىڭ ۋە ستراتېگىيە مۇتەخەسسىلىرىنىڭ تەكرار باشقاتۇرۇپ بىقىشىغا تۈرتكە بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس..

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى:

1. ئەگەر تۈرك ئەينىشتەيىنى پرافىسور دوكتور ئوكتاي سىنان ئوغلۇنىڭ ئۇيغۇر ئۇيغارلىغى ھەققىدىكى باھالىرىدىن ئىلھام ئىلىشنى، شانلىق تارىخىمىزنى ئوگۈنۈشنى،

ئۇيغۇر كىملىكىمىزنىڭ قەدىر قىممىتىنى بىلىشنى، چۈشۈنۈشنى خالىساق،

*“ Türk Dünyası, hatta bütün insanlık Uygur’lara çok şey borçludur. 2 bin, 3 bin yıl önce Uygur’lar gelmiş geçmiş en büyük medeniyeti kurmuşlar, Dünya’ ya insanın refah ve saadetini önde tutan devlet anlayış ve yönetim düzenini, birçok sanat ve tekniği, en ileri tarım, sulama ve bostancılığı icat etmişlerdir. Sonraki Türk devletlerinin, Osmanlı dâhil büyük başarıları işte Uygur’lardan geliyor. 1950’lerde Doğu Türkistan’da Don Huang mağaralarına gizlenmiş Uygur dilinde binlerce el yazmaları, kitaplar bulundu. Yirmi yıl önce, Japonya’daki yoğun etkinliklerim sırasında Japonların ilgisi uyandı. Şimdi araştırmalar yapıyorlar. Japonlarla ortak bir UYGUR ARAŞTIRMALARI MERKEZİ kurmalıyız. Hızla Osmanlı arşiv belgelerimizi araştıracak bir bilim ordusu yanında, bir de çok sayıda Uygur dili yazısı, tarihi uzmanları yetiştirmeliyiz. ”*①

http://www.uygurunsesi.com/Default.asp?mxz=haber&hid=521

«تۈرك دۇنياسى، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانلىق ئالىمى كۆپ ئىشلاردا ئۇيغۇرلارغا قەرىزداردۇر. بۈندىن *2000 – 3000* يىل ئاۋۋالقى ئۆتكەن كەچكەن ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتنى ئۇيغۇرلار ياراتتى. دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ بەختى– سائادىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن دەۋلەت چۈشەنچىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى، نۇرغۇن سەنئەت ۋە تېخنىكىلارنى، ئەڭ ئىلغارتېرىقچىلىق، سۇغۇرۇش ۋە بوستانچىلىقنى ئۇيغۇرلار ئىجات قىلدى. ئوسمان دەۋلىتى داخىل قىلىنغان، كىيىنكى تۈرك دەۋلەتلىرىنىڭ بۈيۈك مۇۋاپىقىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن. *1950*. يىللىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ دۈن خۇاڭ ئوڭكۈرلىرىدىن يۇشۇرۇنۇپ قالغان بىرەر مىڭ ئۇيغۇرچە قولىيازما ۋە كىتاپلار تېپىلغان. يىگىرمە يىل ئاۋۋال، ياپونىيەدىكى پائالىيەتلىرىم ياپونلارنىڭمۇ دىققىتىنى چەكتى.

هازىر ئۇلارمۇ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. ياپونلار بىلەن بىرلىكتە "ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزى" قۇرۇشىمىز كېرەك. دەرھال ئوسمان ئارخىپلىرىدىكى بەلگەلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئىلمى قوشۇن قۇرۇشىمىز، ئەينى زاماندا ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ۋە تارىخ مۇتەخەسسىلىرىنى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك.» http://www.uygurunsesi.com/Default.asp?mxz=haber&hid=521

2. ئەگەر جانابى ئاللاھ ئۇيغۇر دەپ ياراتقان، ئاتا–ئانىسى ئۇيغۇر دەپ تاپقان، ئۆزىنى ئۇيغۇر مىللىتى دەپ تونۇيدىغان ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق ئۇيغۇر پەرزەندىسى نىمە ئۈچۈن ئوز ۋەتىنىنى باشقا تۈركى قېرىنداشلىرىدەك ئوز ئىسمى بىلەن ئاتاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ؟ دۇنيادا ئومۇميۈزلۈك قىلىپلاشقان بۇ مەنتىقلىق تەفەككۇرنى نىمە ئۈچۈن ئىدراك قىلالمايدۇ؟ بۇمەنتىقسىزلىقنىڭ ۋىجدان ئازابىنى قاچانغىچە چىكىدۇ؟ خەلقىمىز بۇ كىتىشتە نەگە بارىدۇ؟ بۇ خۇسۇستا ھىچ باش قاتۇرۇپ باقتىڭىزمۇ؟ دەيدىغان بىر يۈرۈش جىددى سۇئاللارنى ئويلۇنۇشقا، سىرلىق سەۋەپلىرىنى تېپىشقا دەۋەت قىلىشنى، بۇنىڭ بىر ۋىجدان، غۇرۇر مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

3. ئەگەر جانابى ئاللاھ نىڭ ئىنسانلارنى يالغۇز بىرلا ئىسلام ئۇممەتتىدىن ئەمەس، خىلمۇ-خىل دىنلەرگە ئىتقات قىلىدىغان سان-ساناقسىز مىللەتتىن ياراتقانلىغىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ئىدرااك قىلىشنى ، بۈگۈنكى مەنپەئەت دۇنياسىدا ، ئۇممەت مەنپەئەتىدىن مىللەت مەنپەئەتىنىڭ ئەلا ئىكەنلىكىنى، ئۇممەتچىلىكتىن مىللەتچىلىكنىڭ ئەلا ئىكەنلىكىنى، ئىسلام ئۇممىتىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەلا ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

4. ئەگەر ئالەمنىڭ ئىگىسى، پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى جانابى ئاللاھ نىڭ ئۇيغۇر بەندىسىنى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر ئىگى، ئۇيغۇر رۇھى، ئۇيغۇر كىملىگى، ئۇيغۇر ئۆزلۈكى بىلەن بىللە ياراتقانلىغىدىن ئىبارەت بۇ ئىلتىپاتىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

5. ئەگەر ئۇيغۇر داۋاسىنى تاكتىكا (جەڭۋازلىق) ۋەجىدىن تارىخى ئەرەپ-تۈرك دۈشمەنلىگىنىڭ سەلبى تەسىرىدىن ساقلىنىشنى بىلىشنى خالىساق،

"...بالىلىق دەۋرىمدە، قاچانلا بولمىسۇن ئاسماندا بىر ئۇچاق (ئايرۇپىلان) كورسەم، ئوز-ئوزەمگە غىڭشىپ شۇ ناخشىنىڭ مەنىسىنى تەنقىت قىلاتتىم ۋە "ئەي تەڭرىم، ئىنگلىزلەرنى كوزدىن يوقات" دەيتتىم. كىيىنچە بۇ سوزلەرنىڭ بىزگە مەملۇكلار دەۋرىدىن قالغانلىقىنى ئۇختۇم. ئاتا-بوۋىلىرىم بۇ خىل بەددۇئالارنى (قاغىشلارنى) تۇركلەرگە قارشى قوللۇنۇپتىكەن ۋە "ئەي تەڭرىم، سەن تۇركلەرگە بىر بالايى ئاپەت بەرگىن" دەيدىكەنمىش. .ئەسلىدە، مەن غىڭشىغان ناخشا كونا قىلىپنىڭ يېڭى تۇيغۇغا كەلتۇرۇلگەن شەكلىمىش ..."

جامال ئابدۇل ناسىر (سابىق مىسىر باشھاكىمى- پرىزدېنتى *1970 - 1918*)

İlhan Arsel, Arap Milliyetçiliği ve Türkler, 1 s. İnkılab Kitabevi 1987 İstanbul

6. ئەگەر ئۇيغۇر داۋاسىنى تاكتىكا (جەڭۋازلىق) ۋەجىدىن دۇنيا سىياسى سەھنىسىدە، خۇسۇسەن ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپا مىقياسىدا يۇز بېرىۋاتقان تۇرك-ئىسلام دۇشمەنلىكىنىڭ سەلبى تەسىرىدىن ساقلىنىشنى بىلىشنى خالىساق،

"...Turks: n. ...violet unscrupulous person, a rougish creatune. Don't let this terrible Turk take from your till..." Stanfort Dictionary of Anglicised Words and Pharases 1964.

" ...تۇرك– ئىسىم. ئەشەددى ئەدەپسىز ئادەم. قوپال مەخلۇق. بۇ پالاكەت تۇرككە ھەمىيىنىڭىزدىن پۇل ئالدۇرۇپ قويماڭ..."

1964 – يىلى ئامېرىكىدا نەشىر قىلىنغان «ستانفورت ئىنگلىزچە سۆزلەر ۋە دىيىملەر لۇغىتى» دا *Stanfort (Dictionary of Anglicised Words and Pharases)* «تۆرك» سۆزى شۇ شەكىلدە ئىزاھلانغان.

ئامېرىكىدىكى تۈرك دۈشمەنلىكىنى " *Whashigtone Post* " گېزىتىنىڭ *1990*. يىلى *3*. سېنتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان شۇ ئىبارەلەردىنمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

NFA’s most personal insult being cut. The process of making a cuts… has given birth to one of pro-football’s mystical and fread figüre: The turk. ”The turk” … a name drived from the vision of a sword-wielding Arab is the individual chosen to deliver the dreaded words the soon-to-bedeparted players. The Word ”cut” is not ussed. It doesn’t neet to be… When it’s around cut times…I try to keep a sign around me at all times ”Turk Not Allowed”.

«...ئامېرىكا پۇتبول ئىتتىپاقىدا ئەڭ قاتتىق ئىنسانىي ھاقارەت – كېسىلىشتۇر (يەنى ئويۇندىن چەكلىنىشتۇر) . بىر ئويۇنچىنىڭ پۇتبولدىن كېسىلىش جەريانى، كەسپىي پۇتبولنىڭ ئەڭ داستانلىق، قورقۇنچ فىگورلىرىدىن بىرسىنىڭ يەنى بىر تۆركنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئەرەب قىلىچۋازلىرىنىڭ ئەفسانىلىرىدىن ئېلىنغان بۇ «تۆرك» سۆزى، چەكلەنگەن ئويۇنچىلارغا ۋەھىمە سېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تاللانغاچقا، «كېسىلىش» سۆزىنى ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. كېسىلىش ۋاقتى كەلگەندە دەرھال ئەتراپىقا «تۆرككە رۇخسەت يوق» دېگەن تاختىنى ئېسىپ قويۇش كۇپايە...».

(دېمەك بۇ ئىبارىنىڭ روھىدىن قارىغاندا ئامېرىكا پۇتبول ئىتتىپاقىدا جازالانغان ئويۇنچىلارنى «تۆرك» لەرگە ئوخشۇتۇپ ھاقارەت قىلىدىغانلىقى مەلۇم).

kurdukları hiçbir devlet başka bir devlet altında sömürüye girmemiştir. 660 yıllık osmanlı dünya'ya hükmetmiştir.

1.dünya savaşında gelibolu cephesinde 4 ülkeye karşı savaşıp galip gelselerde savaşı kaybetmişlerdir.

http://www.incisozluk.com.tr/w/d%C3%BCnyan%C4%B1n-en-cesur-5-milleti-tam-liste/

غەرب دۇنياسى، تارىختا ھېچبىر زامان تۈركلەرنى بويسۇندۇرالىغان ئەمەس. تۈركلەر قۇرغان دولەتلەرنىڭ ھېچبىرى، باشقا دولەتلەر تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان ئەمەس. 660 يىللىق ئوسمانلى دولىتى دۇنياغا ھوكۇمرانلىق قىلغان. 1- دۇنيا ئۇرۇشىدا چاناككالە گەلىبولۇ سىپىدە تورت دولەتكە قارشى ئۇرۇشتا غالىپ كەلگەن. غەرپ دۇنياسىدىكى تۈرك دۈشمەنلىكىنىڭ مانا بۇ ھەسەتتىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن. بۇ ئەلۋەتتە پەخىرلەنگىدەك ئەھۋال. ئەمما ئىجابى ئىشتىن چىققان سەلبى نەتىجىلەرنىڭ تۈركچىلىك دەستىدىن ئۇيغۇر خەلقىگە قانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش خاتىرلەتكىدەك ئەھۋالدۇر...

7. ئەگەر ئۇيغۇر تارىخىنى بىلەلىگەن، مىللى كىملىكىگە ساھىپ چىقالىغان بىر ئۇيغۇرنىڭ ھېچبىر زامان مىللەتچىلىك تۇيغۇسىغا ھاكىم بولالمايىغانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقى پەقەت ئۇيغۇر كىملىكىگە، ئۇيغۇر ئوزلىكىگە ساھىپ چىققاندىلا، ئۇيغۇر دولىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغاندىلا، ئۇيغۇرىزىم يولىنى تۇتقاندىلا، قۇتۇلۇش يولىنى تاپالايدىغانلىقىنى، توغرى سىياسى غايەگە باغلانمىغان بىر داۋادا تۇشمۇ-تۇشتىن ھەرقانچە چوقان سالسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

8. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئانا ۋەتىنى پەقەت ئۇ مىللەتنىڭ ئوز ئىسمى بىلەن ئاتالغاندىلا ئۇ مىللەتنىڭ تەبىئى تونۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ئومۇمى ھەقىقەتنى چۈشىنۈشنى، تەبىئى تەشەببۇسىغا ئىلھام بېرىشنى خالىساق،

9. ئەگەر سىياسەتنىڭ نەتىجە سەنئىتى، دەۋلەتنىڭ ئەنئەنە مەسىلىسى، تارىخنىڭ ئىبرەت ئىلىشقا ۋە قۇلاق سىلىشقا تىگىشلىك ئادىل دوست ۋە شاھىت ئىكەنلىگىنى چۈشىنۈشنى خالىساق،

10. ئەگەرخەلقىمىزنىڭ نوۋەتتىكى سىياسى، ئىقدىسادى، ئىجتىمائى، مەدەنى سەۋىيەسىدىن، جوغرافى شارائىتىدىن ۋە مەۋجۇت ئىمكانلىرىدىن ھەركەت قىلىشنى خالىساق،

www.uyghurkitap.com

11. ئەگەر ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىستىقلالىنىڭ زەرۇرىيىتىنى ۋە ئىمكانىيىتىنى چۈشۈنىدىغان ھەرقانداق سىياسى كۈچ بىلەن بىرلىكسەپ قۇرۇشنى خالىساق،

12. ئەگەر ئىككى قېتىملىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئاقىبەتلىرىدىن تەجرىبە ساۋاق ئېلىشنى، تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلىرىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىشنى خالىساق،

13. ئەگەر تۈركلۈك داۋاسىنى ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدا ئەمىلىلەشتۈرۈشنىڭ ئۇيغۇن تاكتىكىسىنى تاللاشنى، ھەقىقى ستراتىگىيەنىڭ نىمىلىگىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

14. ئەگەر، ”شەرقى تۈركىستان” داۋاسىنىڭ سىياسى غايىسىنىڭ پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزىم ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلىشنى، “پانتۈركىزىم” ۋە “پانئىسلامىزىم” غايەلىرىنىڭ نىمىلىگىنى بىلىشنى، پايدا-زىيىنىنى دەڭسەپ بېقىشنى سەلبى تەسىرلىرىدىن ساقلىنىشنى، ئىمكانسىز ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە يۈگەن سېلىشنى خالىساق،

ئەجابا، پانتۆركىزىم دىگەن نىمە ؟

تۆركچىلىك پانتۆركىزىم – تۇرانچىلىق – پانتورانىزىم – ئوسمان ئىمپىراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئوسمانچىلىق ۋە ئىسلامچىلىق ئېقىمىغا قارشى، پۆتۆن تۆرك ئىرقىنى بىر ۋەتەن، بىر بايراق ئاستىدا بىرلەشتۆرۆشنى مەخسەت قىلغان بىر خىل سىياسى ئېقىم .

مەنبە. *114* : ھاسان ئەرەن: تۆركچە سۆزلۆك *1495*، *1504*، *1157* – بەتلەر، ئاتا تۆرك تىل – تارىخ ئالى ھەيئىتى تۆرك تىل ھەيئىتى *1988* . ئەنقەرە يېڭى باسمىسى.

Türkiye Cumhuriyeti 8. Cummhurbaşkanı Sayın Süleyman Demirel'in bu husustaki bakışlarını hatırlatmakta yarar görüyorum. Kendileri diyorki :

“Bir Türk olarak, bir Türk milliyetçisi olarak 'Pantürkizm'den memnun olmamak mümkün değildir. Keşke olabilse... Ama bunun pratiği yıok. Ben bunu söylerken dahi yarın birtakım kimseler tarafından istismar edileceği korkusuyla söylüyorum. Hiçbir Türk, bütün Türklerin biraraya gelmesini reddetmez. İyi ama, hayal içinde yaşayamazsınız. Fikri reddedemezsiniz. Bir gün olursa olur ama Türkiye bugün bütün Türkleri biraraya getirecek güçe sahip değil ki. Türkiye , Avrupa'dan 10 defa geridir zenginlik bakımdan. Türkiye henüz çağı yakalayamamıştır.

Ben bugünkü Türkiye'nin birliği için sıkıntılar içindeyken, bir 'Panturkizm ' olayı, beni dağıtır. Hatta, elimdeki birtakım kozları da alır. O zaman döner derler ki, senin ülkenin içinde de birtakım başka lisanlar konuşan, başka ırıklara mensubuz, diyen insanlar var.” '

Panislamizim' olayı da, 'Pantürkizim' olayı gibi, yine hiçbir devirde olmamıştır. Hiç Olmamışsa, olmaz mı? Olabilir ama, olabilirlik şartı yok bugün. Kaldı ki, kimi kiminle biraraya gitireceksiniz? [Hulüsi Turgut, Demirel'in Dünyası: 341 s. ABC Yayınlar İstanbul, 1992]

پان ئىسلامىزىم دىگەن نىمە ؟

پان ئىسلامىزىم – ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى پۈتۈنلۈكىنى قوغداش مەقسىتىدە تەشەببۇس قىلىنغان بىر خىل ئېقىم بولۇپ، مەيلى تەنزىمات (1839 – يىلى)

دىن ئاۋۋال بولسۇن ياكى تەنزىمات پەرمانلىرىدا بولسۇن «بۇ دەۋرنىڭ پىكىر – ھەرىكەتلىرىدە ۋە 1 – 2 – مەشروتىيەت (يەنى ئوسمان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ 1876 – يىلىدىكى ئاساسى قانۇنى ۋە 1918 – يىلىدىكى موندوروس موتارىقەسى دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت شەكلى) دەۋرنىڭ پىكرى ۋە ئەمەلىيلىشىش ساھالىرىدا ئورتىغا چىقتى.

www.uyghurkitap.com

يۇرتتا، ئىسلامىيەتتە ۋە دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر بىرلىكنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشىدىغان، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىنى دىنى بىرلىكتىن ئىزدەيدىغان بۇ ئېقىم، خۇسۇسەن 1 مەشروتىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدا بۈيۈك ئىلگىرلەش كۆرسەتتى. 1 – مەشروتىيەنىڭ ئاخىرىدىكى ئىستىبدات دەۋرىدە، ئوسمانچىلىق غايىسىنىڭ تەرك ئېتىلىش مەجبۇرىيەت ھالىغا كەلدى. چۈنكى ئوسمانچىلىق پەقەت مەشروتىيەت ئىدارىسى بىلەن داۋاملىشالايتتى. ئوسمانچىلىق غايىسىنىڭ تەرك ئېتىلىشى بىلەن دىنچى بىر غايىگە يەنى ئىسلامچىلىققا يۈرۈش قىلىندى. سۇلتان 2 ئابدۇل خەمىت، ئىسلامچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ھاكىم مۇتلەق ئىدارىنىڭ ھۆلى قىلدى. ئىچكى ئىدارە ۋە تاشقى سىياسەتتە بىر سىستىم قىلىپ دۆلەت ئىجرا قىلىدىغان ئىجتىمائىي سىياسى پرىنسىپ ھالىغا كەلتۈردى. ئىسلامچىلىق ئېقىمى دىنى ئەركىلىك دۆلەت چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلىپ دىن ۋە دۆلەت ئارىسىدا غۇلغۇلا چىقاردى. ياش تۈركلەر گۇرۇھى ئىمپراتۇرلۇقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، مەشروتىيەتكە تايانغان ئوسمانچىلىق سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىشقا قارشى 2. ئابدۇلخەمىت ئىستىپداتىغا تايانغان ئىسلامچىلىق سىستېمىسىنى قوبۇل قىلدى.

Hamza Eroğlu: Türk İnkilap Tarihi 62s. , 63s. , 484 s.   . 129

15. ئەگەر مىللەت، ۋەتەن ۋە دەۋلەت ئۇقۇملىرى ئارىسىدىكى نازۇك فەرقلەرنى ئىدراك قىلىشنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى *840*. يىللىرىدىلا بەشبالىق ۋە قوچۇ بولگەلىرىگە يەرلەشكەندىن كيين بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىگىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

ۋەتەن – مىللەتنىڭ ماكانىدۇر، قەدىم جايىدۇر، يۈرىكى سوققان يەردۇر، مەۋجۇدىيەت بۆشۈكىدۇر.

مىللەت – ھەممىدىن ئاۋۋال ئورتاق تىل رىشتىلىرىغا ساھىپ بولغان، چىگرالىرى تارىخى كۆرەشلەر ئارقىلىق سىزىلغان بىر ۋەتەنگە باغلانغان ئىنسان توپلىمىدۇر.

ۋەتەن ۋە مىللەت ئۇقۇملىرى بىر – بىرىدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدىغان ئوخشاش ھەقىقەتنىڭ

ئىككى يۈزى. ئوخشاش پۈتۈنلۈكنىڭ ئىككى پارچىسىدۇر. ۋەتەن بىلەن مىللەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ۋەتەننىڭ مىللى بارلىقنىڭ ھاياجان بۇلىغى بولۇشىدىن، ئىجتىمائى مەۋجۇدىيىتىمىزنىڭ داۋاسىنى ۋە تەركىبىنى ساقلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. مىللەت، بۇ ۋەتەن يۈزىدە ئوخشاش تىل، ئوخشاش ھېسسىيات بىلەن بىر مەدەنىيەت بىرلىكىنى قۇرغان بىر پۈتۈنلۈك ھالغا كەلگەن ئاڭلىق خەلق ئاممىسىدۇر. ئۇ بىر تارىخى بارلىقتۇر.

مەنبە 56 : ھامزا ئەر ئوغلۇ: «تۈرك ئىنقىلاب تارىخى» 385. 389 – بەتلەر

ئىرق – ئانتروپولوگىيەلىك ۋە بىئولوگىيەلىك بەزى ۋاسىتىلارنىڭ ئاساسەن قۇرۇلغان مەۋھۇم گۇرۇھتۇر. بىئولوگىيەلىك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى نەسلىدىن نەسلىگە ئۆرگەرمىگەن قانداش بىرلىكلەر توپلىمىدۇر. ئۇ بىر بىئولوگىيەلىك ھادىسەدۇر.

مەنبە 57 : ھامزا ئەر ئوغلۇ: «تۈرك ئىنقىلاب تارىخى» 385. 389 – بەتلەر

«مىللەتنى نوقۇل ئانتىرپولوگىيەلىك مەنادا، ئىرقى ئاساسقا يۆلەش ئىلمى جەھەتتىن توغرا ئەمەس. مىللەتلەرنىڭ مەنبەسى بىر تەرەپتىن ئېتنولوگىيەلىك مەنادا ئىرق خۇرۇچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئامىل ۋە شەرتلىرىنىڭ تاماملىنىشىدۇر.

مەنبە 58 : سادرى مەخسودى ئارال: «مىللەت تۇيغۇسىنىڭ ئىجتىمائى ئاساسلىرى» ئىستانبۇل 1969

مىللەتچىلىك – مىللەت ھەقىقىتىدىن ھەرىكەت قىلىدىغان بىر خىل پىكىر ئېقىمى بولۇپ، زامانىمىزنىڭ ئەڭ يۈرۈشلۈك ئىجتىمائى سىياسەت پىرىنسىپىدۇر. ئۇ مىللەت ۋە مىللى ئىنقىلابنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسى پىرىنسىپ. بۈيۈك غايىدۇر. مىللەتنى ئازادەلىك ۋە مەمۇرچىلىققا باشلايدىغان قۇۋۋەتلىك تۇتقۇدۇر.

ھەقىقى مىللەتچىلىك – مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ھۆررىيەتتىن تۇغۇلىدۇ. ھۆرلۈكى بولمىغان، ھەرخىل ئەسىرلىككە رازى بولغان بىر جەمئىيەتتە مىللى روھ راۋاج تاپمايدۇ.

مەنبە 59 : . [ھاسان ئەلى يۈجەل: «ھۆرىيەت يەنە ھۆرىيەت» ئىستانبۇل 1962 . 4 – بەت]

زامانىمىزدا، مىللەتچىلىك نۇقۇل مىللى ھېسسىياتنى تۇرغۇزۇش مەسىلىسىلا ئەمەس بەلكى ئەڭ مۇھىمى مىللى مەنپەئەتنى قۇتقۇزۇش مەسىلىسىدۇر. ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئىدراك قىلالمىغان بىر مىللەت، مىللى غۇرۇر، مىللى ھېسسىياتنى تۇرغۇزالىشى، مىللەتچىلىك ئېڭىغا ھاكىم بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.

مىللەتچىلىك ھەممىدىن ئاۋۋال شۇ مىللەتكە مەنسۇپ خەلقلەرنىڭ مىللى بىر دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىشى تەبىئى. زامانىمىزدا، مىللەتچىلىك بىر سىياسى ئېقىم ھالىغا كېلىپ مۇستەقىل ئۆز–ئۆزىگە خوجا دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىمكان ياراتماقتا. ئىنسان توپىنى زامانىۋى دۆلەت قىلىدىغان كۈچلۈك پۈتۈنلۈك ھالىغا كەلتۈرمەكتە. بۇ ئارقىلىق خەلقئارا جامەتنىڭ سىياسى، جۇغراپى ۋە ھوقۇقى جەھەتتىن يېڭىدىن تەشكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

مەنبە 60 : ھامزا ئەر ئوغلۇ «ئەينى ئەسەر» 220، 224. بەتلەر (تۈرك ئىنقىلاب تارىخى 395 – بەت 399 – بەتلەر)

ھەر مىللەتنىڭ مىللەتچىلىك چۈشەنچىسى پەرقلىق بولغاچقا، دۇنيادا قانچەلىك مىللەت بولسا، شۇنچىلىك مىللەتچىلىك چۈشەنچىسى بولىدۇ. پۈتۈن مىللەتچىلىك ئېقىملىرىنى بىر تۇتاش بىر مۇئەييەن تەرىپ بىلەن ئىزاھلاش تەس. ھەتتا ئىمكانسىزدۇر. مىللەتچىلىك، دۆلەتكە ۋە ئۇنىڭ شارائىتلىرىغا بېقىپ ئۆزگۈرۈشى، ئۇ دۆلەتنىڭ تارىخى تەرەققىياتى ئىچىدە پەرقلىق چۈشەنچىلەر بېرىشى مۇمكىن.

مەنبە 61 : ھامزا ئەر ئوغلۇ «ئەينى ئەسەر» 220، 224. بەتلەر (تۈرك ئىنقىلاب تارىخى 395 – بەت 399 – بەتلەر)

تارىخى تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى شەكلىدە تەرەققى قىلغان مىللەتچىلىك، غەربىي ياۋرۇپا

ۋە ئامېرىكىدا ئەركىن دېموكراتىيەنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ماس ھالدا تەرەققى قىلغانلىقى مەلۇم. ئىلمى نۇقتىنەزەردىن باھالانغان مىللەتچىلىك، ئەقىلگە قەدىر-قىممەت بېرىدىغان، ئاڭلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھادىسىدۇر.

زامانىۋى مەنادىكى مىللەتچىلىك، مەنتىقىلىق چۈشەنچىگە، ساغلام تۇيغۇغا ۋە ئادالەتكە تايىنىدۇ. ئۇ مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكىدۇر. مىللەت ئىچىدە ئىنسانى ھەمكارلىققا قىممەت بەرگىنىدەك، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ھۆرىيىتىگە ۋە ئىستىقلالىغا ھۆرمەت قىلىدۇ.

زامانىۋى مىللەتچىلىك ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئاڭلىق مىللەتچىلىك ياكى يوللۇق (راتسىونال) مىللەتچىلىك دېمەك مىللەتچىلىكنىڭ ئىلمى ئاچىدىن قىممەتلەندۇرۇلىشىدۇر. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بىلىمگە تايىنىش، بىلىملىك بولۇشتۇر. ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى دېموكراتىيەگە يول قويۇش ۋە دېموكراتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىشىدۇر.

مەنبە *62* : ھامزا ئەر ئوغلۇ «ئەينى ئەسەر» *220*، *224*. بەتلەر (تۈرك ئىنقىلاب تارىخى *395* – بەت *399* – بەتلەر)

Prof. Dr. Sadi Maksudi Aral شۇنداق دەيدۇ: «ئاڭلىق مىللەتچىلىك ماھىيەت ۋە مايىللىق ئېتىبارى بىلەن دېموكراتىك روھى ھادىسىدۇر. شۇڭلاشقا ئاڭلىق مىللەتچىلىك پەقەت ھۆر ۋە خەلقچىل مىللەتلەردە روناق تاپالايدۇ»

مەنبە *63* : ھامزا ئەر ئوغلۇ «ئەينى ئەسەر» *220*، *224*. بەتلەر

مىللەتچىلىك – ئىرقچىلىق، ئالەمچىلىك (كوزموپولىتىزىم) ئۈممەتچىلىك، شوۋىنىزىم، دۆلەتچىلىك (توتالىتارىزىم) ۋە كوممۇنىزىم قاتارلىق ئېقىملارغا قارشىدۇر. مىللەتچىلىكنى بۇ ئېقىملار بىلەن چىقىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

«ئىلمى ئاچىدىن بىر پەرەزگە تايانغان ۋە ئىمپېرىئالىست ئەمەللەرگە يارايدىغان ئىرقچىلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىللەت ھەقىقىتىنىڭ مەۋھۇم (سوبيكتىۋ) ئۇنسۇرلىرىنى باھالىيالمىغانلىقىدەك مەدەنىيەت، تىل ۋە مەفكۇرەگە تېگىشلىك ئورنىنى بەرمىگەنلىكى، سىياسى، ئىجتىمائى ۋە ھوقۇقى مەۋجۇدىيەت بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن مىللەتچىلىك ئېقىمى بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئېرىقچىلىق، مىلەتنى ئۈستۈن، ئاستىن ئىرق دەپ ئايرىغاچقا زامانىۋى مىللەتچىلىك تەرىپىدىن قەدىرلەنگەن باراۋەرلىك پرىنسىپىغا، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت چۈشەنچىسىگە زىتتۇر.

ماركس ئىنگلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ نەزىرىدە مىللەت پەقەت ئىقتىسادى شارائىتلاردىن پەيدا بولغان. ئىقتىسادى شارائىتلارنىڭ ئۆزگۈرۈشى بىلەن يۇقولىدىغان قالاق ئىجتىمائى تەرتىپ دەپ قارالماقتا. ماركسىزىم، مىللەت ۋە مىللەتچىلىكنى دۇنيا ئىشچىلىرىنىڭ ۋەتەنلىرىنى ئۇنۇتۇپ، مىللەتلىرىنى تەرك ئېتىپ، بىرلىششىكە توسقۇن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلىدۇ.

مەنبە 64 : 65. 66 ھامزا ئەر ئوغلۇ «ئەينى ئەسەر» 395 – بەت.

ماركسىزىمچىلار پۈتۈن دۇنيا ئىشچىلىرىنىڭ بىرلىششى بىلەن مىللى چېگرالارنىڭ ۋە مىللەتچىلىكنىڭ تۈگەيدىغانلىقىدىن ئۈمىد كۈتكەن ئىدى. ئەپسۇسكى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى شەرقىي ياۋرۇپا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا باش كۆتەرگەن مىللەتچىلىك ئېقىملىرى خەلقئارا كوممۇنىزىمنىڭ خەلقئارا سىياسەتتىكى قىممىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. مىللى مەنپەئەتنىڭ كوممۇنىزىم مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. كوممۇنىزىمنىڭ ھالەك بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

مەنبە 66 : ھامزا ئەر ئوغلۇ «ئەينى ئەسەر» 395 – بەت.

ئۇيغۇر خەلقى، ئىرقى، تىلى، دىنى، مىللى خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆرپ – ئادەتلىرى ۋە تارىخى مەۋجۇدىيەتلىرى جەھەتتە خىتاي مىللىتى بىلەن ھېچبىر ئورتاقلىقى يوقتۇر. ئۇ ئورال-ئالتاي تىل سىستىمىسى چاغاتاي تىل گۇرۇپپىسىغا ئائىت بىر مىللەتتۇر. كلاسسىك مەنادا بۈيۈك تۈرك مىللىتىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئەمما ھاكىم مىللەت (خىتاي مىللىتى)

قارشىسىدىكى سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدىنى ۋە جۇغراپى ئىمكانىيەتلىرىدىن قارىغاندا ئۇيغۇر مىللىتى بولۇشقا ھەقلىقتۇر. ئۇنىڭ مىللى غايىسى ۋە مىللەتچىلىك چۈشەنچىسى ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى تارىخى ئېڭىدىن، مىللى مەنپەئىتىدىن، ئۇيغۇر تۇپراقلىرىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە مەدەنى سەۋىيەسىدىن جۇغراپى شەرت – شارائىتلىرىدىن چىقىش نۇقتا قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك.

بىر مىللەتنىڭ ئازاتلىقىدا مىللى غايىگە يۈزلۈنۈشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكى مىللى تارىخى ئېڭىنى ئىدراك قىلىشى ئارقىلىق ئىگەللىنىدىغان بىر ھەقىقەتتۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى ئازاتلىق غايىسى، ئۇنىڭ مىللى تارىخى ئېڭىنى ھەقىقى تۈردە ئىدراك قىلىش ئارقىلىق ئىگەللەنمىگەنلىكى، تارىخى مەۋجۇدىيىتىنى ئۆز– ئۆزىدىن ئىنكار قىلىشقا ھەتتا مۇستەملىكچى كۈچلەرنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىشىغا كىرزى كەلگەندە ئۇجۇقتۇرىدىغان كوزىر قىلىۋېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقى مەلۇم.

بۇ نۇقتىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىستانبۇل باش كونسولى ۋۇ كىمىڭ نىڭ «جۇڭگودا شەرقىي تۈركىستان دېگەن بىر بۆلگە يوق، جۇڭگودا ياشايدىغان تۈركلەرمۇ يوق، ئۇلار ئۇيغۇردۇر، شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنداق بىر دۆلەت بولغان ئەمەس. بولغان تەقدىردىمۇ پەقەت بىر ئىككى كۈن ياشىغان، بەزى

كىشىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىغان بۇ بۆلگە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ بۆلگىسىدۇر.» *67* دېگەن باياناتىدىن تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

مەنبە *67* ؛ «تۈركىيە زامان» گېزىتى *1987* – يىل *23* – ئۆكتەبىر. سۇلايمان ئوپال – شىرىن كاباكچى،

ھالبۇكى، تۈركلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلمايدىغان خىتايلار بىلەن تەڭ بولۇپ، زاماننى بىھۇدە ئۆتكۈزگەندىن كۆرە، ئۇلار ئۆزى تەكىتلىگەن «ئۇيغۇر» نىڭ كىملىكىنى ئۆزىگە ئوبدان

تونۇتۇپ، مىللى مۇستەقىللىق داۋامىزنى ئىنكار قىلىشقا زېمىن ھازىرلاتماسلىقىمىز لازىم.

مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى: خەلقىمىز تۈرلۈك پۈتلىكاشاڭلار تۈپەيلىدىن، ئۆزىنىڭ تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تېخى تونۇپ يېتەلىگىنى يوق. بۇ ھەقتە مۆھتەرەم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئۆزىنىڭ كۆرەش خاتىرىلىرىدا شۇنداق دەيدۇ: «خەلقىمىزنىڭ كۆپچۈلۈكى ئۆزىنىڭ تۈركلىكىنى بىلمەيتتى، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە خەت ساۋاتىڭ بارمۇ؟ دېسە مەن تۈرك دەيتتى»

مەنبە 68 : ئەينى ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن تۈركچە نەشرى 464 – بەت. ئىستانبۇل 1985

مېنىڭچە ئاساسى قاتلاملاردىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ھىلىھەم شۇنداق. تىل– تارىخ ساھالىرىدا مەلۇم سەۋىيەگە ئىگە كىشىلەر ۋە تۈركولوگلار ئۆزىنىڭ تۈرك تىل سىستېمىسىغا ئائىت بىر مىللەت ئىكەنلىكىنىلا بىلىدۇ، خالاس. ئۆزىنىڭ تۈركلىگىنى بىلەلمىگەن خەلق، ئۆزگىنىڭ تۈرك دېمەسلىكىدىن كايىشى مەنتىقسىزدۇر.

بۇ ھالدا تۈركلىكتە چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۇيغۇرلىقىمىزنى ئىنكار قىلىش قولىمىزدىكى كوزىرنى دۈشمەنگە تۇتقۇزۇش دېمەكتۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى مەۋجۇدىيىتىگە كۆز يۇمىدىغان دوستلىرىمىز ئەلۋەتتە ھېچ بولمىسا «مىللەت» سۆزىنىڭ تۈرك تىلىدىكى ئىستىمال شەكلىنى ئوبدان ئىدراك قىلىپ بىھۇدە تەنقىتلەردىن ساقلانغىنى تۈزۈك.

پروفېسسور ھەسەن ئەرەن تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، تۈرك تىلى ھەيئىتىنىڭ تۈركچە سۆزلىرىدە: مىللەت – ئەرەبچە سۆزدۇر.

1. كۆپ ھاللاردا، ئەينى تۇپراقلاردا ياشايدىغان، ئارىلىرىدا تىل، تۇيغۇ، غايە، ئەنئەنە ۋە ئۆرپ – ئادەتلەر بىرلىكى بولغان ئىنسان توپلىمىدۇر. تۈركچە - «ئولۇس» دېمەكتۇر. مەسىلەن :

Bu eser Türk milletinin hürriyet ve istiklal fikrinin layemut .2 .abidesidir. Atatür

(بۇ ئەسەر تۈرك مىللىتىنىڭ ھۆررىيەت ۋە ئىستىقلال پىكرىنىڭ ئۆلمەس ئابىدەسىدۇر. ئاتاتۈرك) .

2 . ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە جامائەت. مەسىلەن :

Şöför milleti bu, gözü açık olur. (شوپۇر خەخ دېگەن قۇۋ بولىدۇ.)

Şu kadın milletinin kıskançlığının hiç sonu yok. (خوتۇن خەقنىڭ كۆنچىلىكى تۈگۈمەيدۇ.)

3 . بىر يەردە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى. ھەممەيلەن. مەسەلەن :

Millet Meclisi. Millet meydana toplanmış. (مىللەت مەجلىسى، ھەممەيلەن مەيدانغا توپلىنىپتۇ.)

دەپ ئىزاھلانغان. مەنبە 69 : ھەسەن ئەرەن: تۈركچە سۆزلۈك، 1062 – بەت.

يەنى تۈركچىدىكى «مىللەت» سۆزى ئۇيغۇرچىدە «خەخ» دېمەكتۇر.

دېمەكچى بۇ يەردىكى مىللەت مۇنازىرسى ئۇيغۇرنى تۈركلىكتىن ئايرىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى سىياسى زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن مەۋجۇدىيەتكە قايرىش مەسىلىسىدۇر. «شوپۇر خەخ - شوپۇر مىللىتى»، «خوتۇن خەخ -خوتۇن مىللىتى» دەپ ئىزاھلانغان . تۈركىيە تۈركچىسىدە ئەجابا «ئۇيغۇر خەخ - ئۇيغۇر مىللىتى» دېيەلمەسمۇ؟

840 yılında Orhun sahasından ayrılıp, Beşbalık ve Koçu mıntıkasna yerleştikten sonra ziraetçi ve tüccar bir millet olarak yaşadılar. [Zeki Velidi Togan: age. 99 s.]

16. ئەگەر. ھەر ئىشتا بىر مەنتىقەنىڭ بارلىقىنى، مىللىتىم ئۇيغۇر ۋەتىنىم شەرقى تۈركىستان دىيىشنىڭ مەنتىققە سىغمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا يا مىللىتىم ئۇيغۇر ۋەتىنىم ئۇيغۇرىستان، يا مىللىتىم تۈرك ۋەتىنىم تۈركىستان دىيىشنىڭ تېخىمۇ مەنتىقلىق ئىكەنلىگىنى ئىدراك قىلىشنى، بۇ مەنتىقسىزلىقنىڭ ئۇيغۇر كىملىگىنى تونۇتۇشتىكى ئەڭ بۈيۈك توسالغۇ ئىكەنلىگىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

17. ئەگەر ئۇيغۇر خەلقىنى ئىمكانسىز بۈيۈك تۈركىستان خام خىيالىنىڭ سەركەردىسى قىلىۋىلىشتىن، ئۇيغۇر ئىلىنى بۇ خام خىيالىنىڭ تەجرىبە ئىتىزىغا ئايلاندۇرۇۋىلىشتىن ساقلىنىشنى، پۈتۈنى يوق داۋانىڭ پارچىسىدا ، غەربى يوق داۋانىڭ شەرقىدە چىڭ تۇرۇۋىلىشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىگىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

Ziya Gökalp ise, "Türkçülüğün Esasları " adlı kitabında,"Oğuz, Tatar, Kırgız, Özbek ve Yakutları birleştirecek ülkünün gerçek olması mümkünmü ?" sorusunu sormuş. Sonra da "uzak ülküler için bu soruya cevap aranmaz. Çünkü uzak ülküler, ruhi heyacanı yükseltmek için çok çekici bir hayaldır." karşılığını vermiş. Hürriyet Gazetesi : 18 s. 20 Ekim 1994

18. ئەگەر تۈرك دۇنياسىنىڭ مەنۋى رەھپىرى، يەگانە ئۈمىت بۇلىغى، باش پاناھى ئەزىز تۈركىيەنى ئاياشنى، بىھۇدە خىجىل قىلماسلىقنى، كىچىك مەنپىئەتى ئۈچۈن بۈيۈك مەنپىئەتىنى قۇربان قىلمايدىغانلىقىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

19. ئەگەر تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باش ھاكىمى (جۇمھۇرباشقانى) مۇھتەرەم رەجەپ تايىپ ئەردوغان نىڭ جۇمھۇرباشقانلىق سولتىندىكى 16 يۇلتۇزنىڭ بىر دانىسى

تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بەلگىسى (سولەتتىكى قاراخانىلار دۆلىتىمۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان) ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تارىخى ھەقىقەتنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

20. ئەگەر، تارىختا ئوز نامىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىغۇدەك دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باش ھاكىمى نىڭ سولىتىدىكى 16 يۈلتۈزنىڭ ئىچىدە تىگىشلىك يېرى بولمىغان) قازاق، قىرغىز، ئوزبەك، تۈركمەن، ئازارى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەۋەت ئىتتىپاقىنىڭ چوكۇشى سايىسىدا مۇستەقىل قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئوزبەكىستان، تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇۋالغاندىن كېيىنمۇ ئۇلاردىن ئىلھام ئالماي، ئۇيغۇر كىملىكىگە ساھىپ چىقماي يەنىلا پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزىم غايىسىگە تايانغان شەرقى تۈركىستان داۋاسىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشىنىڭ بۈيۈك خاتالىق ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق.

21. ئەگەر، دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئەنئەنە مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈشنى. بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيەدە بۇ تەرزدە خاتىرلەشكە ئەرزىيدىغان، دۇنيا جامائىتى ھەتتا خىتاي تارىخچىلىرى تەرىپىدىنمۇ ئېتىراپ قىلىنغان 1270 يىللىق تارىخى ئۇيغۇر دۆلىتى (744 – 1335) ئەنەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغىنىمىز توزۇكمۇ ياكى تارىختا قۇرۇلۇپ باقمىغان تۈركىستان دۆلىتىگە ياكى دۇنياچە ئېتىراپ قىلىنمىغان 85 يىللىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغىنىمىز توزۇكمۇ ؟ دىگەن سوئالغا باشقاتۇرۇۋشنى، 85 يىللىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋېلىشنىڭ ھېچقانداق مەنتىقى ئاساسىنىڭ يوقلىغىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

22. ئەگەر تۈرك دۇنياسىنىڭ تارىخىدا "تۈركىستان" كەلىمەسىنىڭ بىر جوغرافى ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى، "تۈركىستان" نامىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان بىر دۆلەتنىڭ تېخى قۇرۇلۇپ باقمىغانلىقىنى، "تۈركىستان" نامىدا دۆلەت قۇرۇش پەقەت ئۇيغۇرنىڭ ئىشى ئەمەسلىكىنى، پۈتۈن تۈرك نەسلىنىڭ ئورتاق كورىشى بىلەن ئەمەللەشەلەيدىغان ئالامشۇمۇل ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

www.uyghurkitap.com

23. ئەگەر بەزى سىياسەتچىلەر تەرىپىدىن بۈيۈك تۈركىستان داۋاسىنىڭ سىياسى دەستۇرى قىلىنغان، ماھمۇت قەشقىرىنىڭ "دىۋانى لۇغەتىت تۈرك" ئەسىرىدە "تۈركىستان" ياكى "تۈرك ئېلى" كەلىمەلىرىنىڭ داخىل قىلىنمىغانلىقىنى يەنى، ئۇ دەۋىرلەردە تۈركىستان كەلىمەسىنىڭ تېخى قوللىنىلمىغانلىقىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

24. ئەگەر تۈركىستان نامىنىڭ تۈركىيەدە تەنزىماتتىن كېيىن *(1839- 1895)* زىيا پاشا ۋە نامىق كەمال تەرىپىدىن تۈركىيە ئۈچۈنمۇ قوللىنىلغانلىقىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

Halbuki, “Türkistan” tabiri de Türkiye'de Tenzimattan))sonraları, Ziya Paşa ve Namık Kemal tarafından “Türkiye”yerine kullanımıştır. Mesala; Ziya Paşa “Türkistanın esbab-ı tedennisi”diye “Türkiye ”hakkında bir makale yazıyor ve Namık Kemal de Fransızların “Juenes Turcs” tabirini “Türkistan erbab-ı Şebabı”şeklinde Türkçeye tercüme ediyordu. “Türkiye” menasında kullanılan bu “Türkistan” tabirine bazı fermanlarda bile tesadüf ediliyordu. Hatta Sultan Reşad'ın son Avusturya İmparatoru Şarl'a verdiği fahri müşirlik fermanında “Biz kibi lutf-i Mevla Türkistan ve şamil olduğu bilcümle memalik buldanin padişahı ...”şeklinde bir ibare vardır.

İsmail Hami Danişmendi : Türklük Meseleleri, 121 s. İstanbul, 1966,] Dr. Muhabay Engin'in : Türkistan meselesinde Tek Kavram, Doğu [Türkistan'ın Sesi, 15 s. 17 sayı, 1988

25. ئەگەر تۈركىستان نامىدا دەۋلەت قۇرۇش ئۈنچە ئوڭاي بولىدىغان بولسا، تارىختا تۈركىستان نامىنىڭ تۈركىيە ئۈچۈنمۇ قوللىنىلغانلىقىغا ئاساسەن، تۈركىيەنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزنامىنى تۈركىستان دەپ ئۆزگەرتىپ باشلامچىلىق قىلىپ بەرسە تېخىمۇ ئوبدان ئورنەك بولىدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلىشنى خالىساق،

26. ئەگەر خىتايدا دوختۇرلۇق ئوقۇپ تۈركىيەدە ستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى بولۇپ

يىتىشكەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەفەندىنىڭ «ئۇيغۇر داۋاسى تۈركىيەنىڭ مەنپەتىگە ماسلاشقۇلۇق» ھەققىدىكى شۇئارىنى چۈشۈنۈپ يىتىشنى خالىساق،

27. ئەگەر شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ تەۋرەنمەس جەڭچىلىرىدىن مەمتىمىن ھەزرەت ئەفەندىنىڭ «ئەجدىرھانىڭ قورقۇسى - تۈركىيە» ناملىق ئەسىرىنىڭ «پەقەت كۈرت مەسىلىسىنى ھەل قىلالىغان تۈركىيەلا ئۇيغۇر مەسىلىسىگە پايدىلىق بولالىشى مۇمكىن» دىگەن خۇلاسىسىنى، ئەزىز تۈركىيەنىڭ كۈرت مەسىلىسى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق

28 ئەگەر مەشھۇر تۈرك مەتبۇئاتچىسى ئابدۇراخمان كىلىچ تەك تۈركچى دوستلارنىڭ تۈركىيەدىكى كۈرت مىللەتچىلىك خەۋپىنى توساشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك يولى دۇنيا تۈركلىگى دەپ قارايدىغان تەشەببۇسىنى چۈشۈنۈشنى، تەھلىل قىلىپ بىقىشنى خالىساق،

29. ئەگەر %97 لىق ئازىيە زىمىنى، %3 لىق ياۋرۇپا زىمىنى ۋە %90 لىق مۇسۇلمان نوپۇسىغا ساھىپ ئەزىز تۈركىيەنىڭ ياۋرۇپا بىرلىكىدىن ئىبارەت بۇ سىياسى بىرلىككە كىرىشتە چىڭ تۇرۇۋشتەك قەتئى ئىرادىسىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

Cumhurbaşkanlığı Hükümet Sistemi'nin ilk Reform Eylem Grubu toplantısından Avrupa Birliği'ne yönelik üyelik olsun ya da olmasın 'siyasi reform sürecinin hızlandırılması' kararı çıktı.

Dışişleri Bakanlığı Avrupa Birliği (AB) Başkanlığında düzenlenen 4. Reform Eylem Grubu Toplantısı'na, Dışişleri Bakanı Mevlüt Çavuşoğlu, Adalet Bakanı Abdulhamit Gül, Hazine ve Maliye Bakanı Berat Albayrak ile İçişleri Bakanı Süleyman Soylu katıldı. Çavuşoğlu, 3 yıl aradan sonra dün yeniden toplanan Reform Eylem Grubu toplantısının ardından ortak basın toplantısında, özellikle siyasi reform sürecinin hızlandırılması konusunda mutabık kalındığını açıkladı. http://

www.hurriyet.com.tr/gundem/abye-uyelik-atagi-reformlar-hizlanacak-40940897

ئامېرىكىنىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق سابىق باشئەلچىسى *Morton Abramowitz* (مورتون ئابراموۋىتز)، تۈركىيەدە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى خۇسۇسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ۋەزىيەت ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، «تۈركىيەنىڭ تەقدىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەمەس» دېدى. تۈرك– ئامېرىكا دوستلۇق مەجلىسىنىڭ *1992* – يىلى *15* – فېۋرال كۈنى بەرگەن «ئېسىل خىزمەت» مۇكاپاتىنى ئالغاندىن كېيىن، بىر نۇتۇق سۆزلىگەن مورتون ئابراموۋىتز «پانتورانىزىم» ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى تىلغا ئالدى. ئۇ تۈركىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرىنى قوللاش بىلەن بىرلىكتە ئۈستىگە ئالغان زامانىۋى رولىنىڭ تۈركىيەنىڭ غەرب بىلەن پۈتۈنلىشىشكە يۈزلەنگەن ئاخىرقى مەخسەتلىرىدە خاتا يولغا كىرىپ قالماسلىقى كېرەكلىكىنى ئىپادىلەپ «تۈركىيەنىڭ تەقدىرى غەربتۇر، يەنى يېڭىلىق، زامانىۋىلىق بار يەردۇر» دېدى.

مەنبە. *147* تۈركىيە «ھۈررىيەت» گېزىتى *1992* – يىل *17* – فېۋرال *22* – بەت

مورتون ئابروموۋىزنىڭ بۇندىن *26* يىل ئاۋۋال «تۈركىيەنىڭ تەقدىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەمەس، تۈركىيەنىڭ تەقدىرى غەربتۇر، يەنى يېڭىلىق، زامانىۋىلىق بار يەردۇر» دېگەن نەسىھەتلىرى ھېلىھەم كۈچكە ئىگە بولغاچقا، تۈركىيە ھوكۇمىتى يېقىندا ئاۋرۇپا بىرلىكىگە كىرىشنىڭ سىياسى جەريانلىرىنى تېزلىتىش خۇسۇسىدا پىكىر بىرلىكىگە كەلگەنلىگى مەلۇم. ھەرھالدا، تۈركىيە تۈرك دۇنياسىنىڭ سىياسى بىرلىگى بىلەن ئاۋرۇپانىڭ سىياسى بىرلىگى ئارىسىدىكى مەنپىئەت ھېسابىنى تارازىغا سېلىپ ئويدان دەڭسەپ باققان بولسا كېرەك...بۇ ۋەزىيەتتە تۈركىستانچى سىياسەتچىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىنى كونا پانتۈركىزىم ياكى يېڭى ئوسمانىزىم خام خىيالىغا باغلىۋېلىشى ئۆز-ئۆزىمىزنى ئاۋارە قىلماقتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ...

30. ئەگەر مەشھۇر تۈرك مۇتەفەككۇرى زىيا گوكئالپنىڭ تۈركچىلىك پىرىنسىپلىرى ئىچىدە، ھەققانىيەت ساھاسىدا (ئىشقا يارايدىغان) تۈركچىلىكنىڭ تۈركىيەچىلىك ئىكەنلىگى

ھەققىدىكى تەۋسىيەسىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

Ziya Gökalp'a göre Türkiyeçilik:

Mefküre, geleceğin yaratıcısıdır. Dün Türkler için hayali bir mefküre halinde bulunan milli devlet, bugun Türkiye'de bir gerçek halini almıştır. O halde Türkçülüğü, mefkûresinin büyüklüğü noktasından, üç dereceye ayırabiliriz.

1) Türkiyecilik

2) Oğuzculuk yahut Türkmencilik

3) Turancılık

Bugün, gerçeklik sahasında, yalnız» Türkiyecilik« vardır.

Ziya Gökalp Türkçülüğün Esasları 28s. Milli Eğitim Basımevi 1990 Ankara

31. ئەگەر تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى جۇمھۇرباشقانى رەجەپ تايىيپ ئەردوغاننىڭ 2018. يىلى 2. سېنتەبىر كۈنى قىرغىزىستان نىڭ چولپاناتا شەھرىدە ئېچىلغان 6. قېتىملىق تۈرك دۇنياسى رەھبەرلىرى كېڭىشىدە "پەلەستىن تۈرك دۇنياسىنىڭ ئىشىدا ئەمەس" دىگەنلىكىنى، شەرقى تۈركىستاننى ھېچ ئاغزىغا ئالمىغانلىقىنى توغرى چۈشۈنۈشنى، يەنى شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى يېڭى ئوسمانىزىم غايەسى داخىلىدە ھەل قىلىشتىن بىشارەت بەرگەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق، (سۈرىيەدە جەڭ قىلۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىق مۇجاھىتلار بۇ خەۋەردىن ئىلھاملىنىپ پەلەستىنگە كىتىپ قالمىسۇن يەنە... ھېزى بولغايسىلەر ...)

ھالەپ، شام ۋە قۇددۇس (پەلەستىن) ياۋۇز سۇلتان سېلىم تەرىپىدىن 1516.يىلى ئىشغال قىلىنغان، 1831. يىلى ئىبراھىم پاشا تەرىپىدىن ئوسمانلىنىڭ بىر پارچىسى ھالىغا كەلتۈرۈلگەن.

Kuruluşinin 704. Yilida Osmanlı 299 s. NESA Basın YayınOrganizasyon Tic. A.Ş. Ekim 2006

İbrahim Paşa, 1831 yılında Kudüs'e girdi. Bu şekilde Şam ve Kudüs yönetiminin bir parçası haline geldi.

kaynak: http://www.on5yirmi5.com/haber/dunya/ulkeler/222783/osmanli-doneminde-kudus.html

32. ئەگەر ئۇيغۇرخەلقىنىڭ مىللى مۇستەقىللىق داۋاسى ئۇچۇن باش قاتۇرۇۋاتقان، جان كويدۇرۇۋاتقان بارلىق شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى، ئۇيغۇر كىملىگى، ئۇيغۇر ئۆزلۈكى، ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە ئۇيغۇرىزىم يولىدا بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بىرجان- بىر تەن بولۇپ بىرلىشىشكە، ئارىلىرىدىكى بىھودە ئىختىلاپ ۋە جېدەل-ماجرالىرىنى ئۇيغۇر مىللى مەنپەئەتىنىڭ ئۈستۈنلىگى ئاساسىدا ھەل قىلىشىغا دالالەت قىلىشىنى خالىساق،

33. ئەگەر تۈركىيەدە ئومۇملىشىپ قالغان "ئاتا ۋەتەن-تۈركىستان"، "ئانا ۋەتەن-تۈركىيە"، "بالا ۋەتەن-سىپرۇس " دىن ئىبارەت بۇ "ئۈچ ۋەتەن"، ئۇقۇمىنى چۈشۈنۈشنى، تۈركىيە ھوكۇمىتى ۋە خەلقىنىڭ شەرقى تۈركىستان داۋاسىغا بولغان ھېسداشلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ۋەتەن، ئاتا يۇرت- تۈركىستاندىن كەلگەنلىگىدىن ئىبارەت ئىكەنلىگىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

34. ئەگەر تۈركىيە ھوكۇمىتى ۋە خەلقىنىڭ ئۇيغۇر داۋاسىغا بولغان ھېسداشلىقىنى تۈركچىلىك خىيالى بويىچە ئەمەس، ئۇيغۇرلۇق رىيالى بويىچە، تۈركلەرنىڭ ئەسلى

ئۇيغۇرلاردىن تۈرلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق كۆچەيتىشنىڭ تىخىمۇ مەنتىقلىق بولىدىغانلىقىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

35. ئەگەر خوتەنلىك ئۇيغۇرغا قارىغاندا تاشكەنتلىك ئۆزبەكنىڭ تىخىمۇ چۈشۈنۈشلىك ئىكەنلىكىنى، تارىخى ھادىسەلەر ۋەجىدىن "ئۆزبەكلىشىپ" كەتكەن بىرتۇقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تارىخى كىملىكگە ساھىپ چىقىشىنى، تەبىئى ھىسداشلىقىنى قازىنىشنى خالىساق،

1992. يىللىق تۈركىيە ئالى مەكتەپ ئىمتىھانلىرىغا تەييارلىق سۇئال-جاۋاپلار كىتابىدا : ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ئەھمىيەتلىرى نىمە؟ دىگەن سۇئالغا شۇنداق جاۋاپ بېرىلگەن.

Uygurlar, XIII. asırda dünyayı istila eden bu Moğol İmparatorluğuna, medeniyet üstünlüğü ile Uygur yazısını imparatorluğun resmi yazısı olarak kabul ettirdiği, damga tüzüğü ve devlet yöneticiliğini öğrettiği için, birçok bilginlere göre, Moğol İmparatorluğu, fiilen Uygur İmparatorluğu olarak da kabul edilmektedir. Dolayısıyla Uygurlar, Moğolların Türkleşmesinde de önemli rol oynayarak, Çağatay ve Özbek Türklerini ortaya çıkarmıştır.

http://www.allaturkaa.de/forum/index.php?page=Thread&postID=1115544

"...تارىخقا نەزەر سالساق، ئۆزبەك ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئەزەل- ئەزەلدىن قانداش ۋە جانداش ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىمىز. بىزنى تىلىمىز ۋە دىلىمىز ئورتاق، ئەدەبىياتىمىز، سەنئىتىمىز، ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز، ئەنئەنەلىرىمىزئوز-ئارا چىتىشىپ كەتكەن. شۇ مەنىدىن

ئالغاندا خەلىقلىرىمىزنىڭ شېيخۇل مەشايىقى بولمىش ئەخمەت يەسسەۋى ھەزرەتلىرى ھەققىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا جاراڭلىشى تەبىئى ھالدۇر. بۇنداق ئىزگۇ ئىشنى قۇتلۇقلىماق لازىم..."

سائىدۇللا سىيايىف (ئوزبەكىستان) ئەھمەت يەسسەۋى 4. بەت مۇئەللىپتىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۈرۈمچى 2008

36. ئەگەر تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى 1982 ئاساسى قانۇنى 66. ماددەسىدىكى "تۈرك دەۋلەتىگە ۋەتەنداشلىق رىشتىسى بىلەن باغلانغان ھەر كىشى تۈركتۇر. " دىگەن ئىبارە بويىچە تۈرك كىملىگىنىڭ قانۇنى ئۇقۇمىنى چۈشۈنۈشنى، خىتاي ۋەتەندىشى بولغان ئۇيغۇرلارنى قانۇنى جەھەتتىن تۈركچىلىك ئىگىغا دالالەت قىلىشىنىڭ تۈركىيە قانۇنىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

37. ئەگەر ئۇيغۇر ئىلى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنى تارىخى مۇجىزەلىرى، يادىكارلىقلىرى، يالدامىلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇتۇشنى ۋە تونۇلۇشىنى خالىساق،

38. ئەگەر تۈرك تىلىدا" مەدەنىيەت" مەنىسىدە كەلگەن - Uygarlık" ئۇيغارلىق "سوزىنىڭ تارىخى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن شەكىللەنگەنلىكىنى يەنى، ئۇيغارلىقنىڭ ئۇيغۇردىن كەلگەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

39. ئەگەر، خىتاي ئۇيغارلىغىنىڭ (مەدەنىيىتىنىڭ) ئەسلىدە ئاتا-بوۋىلىرى تەرىپىدىن ئۇلارغا مىراس قىلىنغان ئۇيغۇر ئۇيغارلىغى ئىكەنلىكىنى، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ئۇيغارلىق (مەدەنىيەت) ئۇستۇنلىگىنى ھەرگىز ئىچىگە سىڭدۇرەلمەيدىغانلىغىنى، نوۋەتتىكى

ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ خۇددى گېيتلېرنىڭ يەھۇدى قىرغىنچىلىقىدەك بىر مەدەنىيەت قىرغىنچىلىق ھادىسەسى ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

The Chinese civilization is referred to and looked upon as one of the very old ones. As a Chinese civilization it dates back only about 5000 years. It is popularly believed that the Chinese themselves developed their civilization. They did not.. The Chinese civilization, therefore, was the Uighur civilization handed to them by their fathers. Chinese legends tell that the Uighur were at the height of their civilization about 17,000 years ago. This date agrees with geological phenomena.

【*James Churchward: The Children of Mu 224, 225 p. Brotherhood of Life Albuquerque New Mexico USA 1998*】

ئادەتتە، خىتاي ئۇيغارلىقى (مەدەنىيىتى) دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمى ئۇيغارلىقلارنىڭ بىرى، بۇ ئۇيغارلىقنى خىتايلار ئۆزلىرى ياراتقان دەپ قارىلىدۇ. ھالبۇكى بۇ توغرا ئەمەس. خىتاي ئۇيغارلىقى ئاران *5000* يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ ئۇيغارلىق ئاتا مىراسىنىڭ نەسىبىدۇر. خىتاي ئۇيغارلىقىنى ئاتا-بوۋىلىرى تەرىپىدىن ئۇلارغا مىراس قىلىنغان ئۇيغۇر ئۇيغارلىقى دەپ قاراشقا بولىدۇ. خىتاي رىۋايەتلىرىدە ئۇيغۇر ئۇيغارلىقىنىڭ بۇندىن *17000* يىل ئاۋۋال ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە چىققانلىقىدىن قەيت قىلىنغانلىقى مەلۇم. بۇ ھال ئۇ دەۋردىكى گىولوگىيەلىك ھادىسەلەرگىمۇ ماس كەلمەكتە. خىتايلارنىڭ داۋجياۋ بۇتخانىلىرىدا بۇنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلارنىڭ ساقلانغانلىقى، ھەرقانداق خىتاي ئالىملىرىنىڭمۇ بۇنى شەك-شوبھەسىز ئېتراپ قىلىدىغانلىقى مەلۇم...

James Churchward: The Children of Mu, 224p. 225p. Brotherhood】
【*of Life Albuquerque New Mexico USA 1998*

40. ئەگەر ئىنگلىز ئالىمى *James Churchward* تەرىپىدىن *1927*-يىلى ئېلان قىلىنغان مۇ قۇرۇقلىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىدىن دۇنيا تارىخىنىڭ تۇنجى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇيغۇر

ئىمپېرىيەسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تارىخى تەتقىقاتىنىڭ تەسادىپى ھادىسە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ساھىپ چىقىشنىڭ زەرۇرىيىتىنى، تارىخى كىملىكىمىزنى چۈشۈنۈشنى خالىساق.

41. ئەگەر سوڭ سۇلالىسى (*1279 – 960*) نىڭ پادىشاسى سوڭ تەي زوڭ نىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەن دى نىڭ ئىدىقۇت زىيارەت خاتىرىسىدا بەرگەن مەلۇماتىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يەركولىمى نىڭ *James Churchward* نىڭ ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى چېگراسى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىدىن تىخمۇ بۈيۈك ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

Wang Yendi'ye göre, Gao chang (İdikut)'un arazisi güneyde Yu tian (Hoten Kiriye), güney batıda Da shı (Arabistan) ve Bo sı (İran), batıda Xi tian (Hindistan), Bu lu sha (Bu lu Çölü, Uyğurlar'ning Kiskiçe Tarihi 'de 'Pişavur'), Xue shan (Karlı dağ) ve Dong ling ile çevrilmiştir [Prof. Dr. Özkan İzgi : Çin elçisi Wang Yendi'nin Uygur Seyahatnamesi, 55, 56 s. Türk Tarih Kurumu, Ankara, 1989]

42. ئەگەر خىتايلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ *757*- ۋە *762*- يىللىرى يۈز بەرگەن ئەنلۇشەن - شىسىمىڭ (ئوكلۇك- سويگۈن) ئىسيانىنى ئۇيغۇر دەۋلىتىنىڭ ياردىمى بىلەن بىسىقتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخى ھادىسەنىڭ سىياسى ئەھمىيىتىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

مەنبە: ليۇ زىشياۋ ئۇيغۇر تارىخى *1*.قىسىم *103*. بەت بىجىن مىللەتلەر نەشرىياتى *1982*

43 . ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئەنلۇشەن - شىسىمىڭ (ئوكلۇك- سويگۈن) ئىسيانىنى بىسىقتۇرۇپ بەرگەنلىك بەدىلىگە تۇزۇلگەن *100* يىللىق

كىلىشمە بويىچە، تاڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى مۇكاپات تەرىقىسىدە ئۇيغۇرلارغا ھەر يىلى *20* مىڭ توپ تاۋار-دۇردۇن بىلەن تەمىنلەشنى، بۇندىن باشقا "ئات- ئېپەك سودىسى كىلىشمىسى" بويىچە ئۇيغۇر خاندانلىقى تاڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىگە ھەر يىلى *100* مىڭ ئات سىتىپ بېرىدىغان، تاڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى ھەر بىر ئاتنىڭ بەدىلىگە *40* توپ تاۋار- دۇردۇن تۆلەيدىغان بولغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخى ھادىسەنىڭ سىياسى، ئىقدىسادى ۋە ئىجتىمائى ئەھمىيىتىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

مەنبە. ليۇ زىشياۋ ئۇيغۇر تارىخى *1.*قىسىم *75.* بەت بىجىن مىللەتلەر نەشرىياتى *1982*

44. ئەگەر خىتاي تارىخچىسى ليۇ زىشياۋ تەرىپىدىن *1982*- يىلى ئىلان قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتلىرىدىن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ *(*دۆلىتىنىڭ*)* چىگراسى ھەققىدىكى ئىترافلىرىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

“Uygur Hanedanlığının dairesi duğuda Xing An Ling (Hingan) dağları, batıda Altay dağı, küzeyde Sibirya'nın Baykal gölüne kadar olan bölgeleri, güneyde ise Tang sülalesinin zimini ile hudutlu idi. Demek eski Doğu Türk Hanedanlığının egemenliğindeki ziminlerin mütlak çoğunluğu Uygur Hanedanlığının egemenliğine geçti. Sibirya'nın

Baykal gölünün güneyine yerleşen Tuba kabilesi, Baykal gölünün batısına yerleşen Korıkan Kabilesi, Yinsey nehrinin yukarı kıyılarına yerleşen Kırgız kabilesi, Altay dağı eteğine yerleşen Karluk kabilesi, Tian Shan (Tanrı dağı)'nıon küzeyine yerleşen Sart kabilesi, Yin Shan dağı eteklerine yerleşen Tanğut ve Tuyuhun kabilesi, Xing An Ling dağlarının doğusuna yerleşen Şirvi, Şi ve Kıtan (Hıtay) kabileleri Uygur Hanedanlığının tabiyetine geçti.” [a.g.e. 59 s.]

www.uyghurkitap.com

45. ئەگەر ئىنگلىز ئالىمى *James Churchward* نىڭ مۇ قۇرۇقلىغى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن ئارىئان ئىرقىنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تارىخى ھادىسەنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

The History of the Uighurs is the history of the Aryan races, for all of the true Aryan races descended from Uighur forefathers. The Slavs, Teutons, Celts. Irish, Bretons and Basques were all descended from Uighur stock. The Bretons, Basques and genuine Irish are the descendants of those who came to Europe in Tertiary Time. The descendants of those who survived the magnetic cataclysm and mountain rising

【*125*】 *James Churchward: The Children of Mu 215 p. Brotherhood of Life Albuquerque New Mexico Brotherhood of Life Albuquerque New Mexico USA 1998*

46. ئەگەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى داستانى ئوغۇزنامەدە ئىزھار قىلىنغان تارىخى ھادىسەلەرنىڭ يەنى ئوغۇزخاننىڭ ئوزىنى ئۇيغۇر خاقانى دەپ ئىلان قىلىشى ۋە پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش غايىسىنى جاكالىشىنىڭ، *James Churchward* نىڭ مۇ قۇرۇقلىغى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىغا يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋرۇپاغا كوچۈشىدىن ئىبارەت بۇ تارىخى ھادىسەگە ماسلىشىدىغانلىغىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

Photo. 29 The 1 – 4 pages of The Oghuzname which have kept in Paris Bibliotheque Nationale

【*From: Geng Shimin, Tursun Ayup, Kedimi Uyghurlarning Tarihi Dastani Oghuzname 24 bet, Milletler Neshiriyati Beijing 1980*】

Paris versiyonunun 106 - 115 satırlarına bakılırsa, Oğuz Han 'ın yabancı elçilere gönderdği mektubunda yer verdiği şu ibareler dikkat çekicidir:

Ben Uygur hakanıyım. Tüm cihan'a da hakan olmalıyım. Bana boyun egmenizi dilerim. Kim ki boyun egip, ağzıma baksa, ona hediye göndererek ,dost tutarım. Kim ki boyun egmesse, ona gazaplanırım, asker göndererek, onu düşman yaparım. Derhal bastırıp dar^a asarım, yok ederim. [Oğuzname 46s. (Uygurca) Beijing Milletler Neşiriyati 1984]

47. ئەگەر مەشھۇر تۈرك تارىخچىسى *Faruk Sümer*)فارۇق سۈمەر (نىڭ ئېيتقىنىدەك: تۈرك دۇنياسى ئۇيغۇر خاقانى ئوغۇزخاننىڭ فەتىخلىرىدىن (بويسۇندۇرۇشلىرىدىن) مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، بىزنى ئۇيغۇرتۈركلىرى دىگەندىن تۈركىيەدىكى قېرىنداشلارنى تۈرك ئۇيغۇرلىرى دىگەننىڭ تىخىمۇ ھېسداشلىق قازاندۇرىدىغانلىقىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

Prof. Dr. Faruk Sümer'e göre, bu destan İlhanlı hükümdarlarından Gazan Han devrinde (1295 - 1304) veya Gazan'ın halefi Olceytü zamanında (1304 - 1316) ceryan eden kuvvetli Türkçülük şuurunun ürünüdür. Eserin Uygur ülkesinde yazılmış olması imkansızdır. Ona göre bu şuurun esasları şunlardır:

a) Oğuz Han'dan eserin yazıldığı devre kadar Türk alemini, adları zikredilen şu kaimler temsil etmektedir. Oğuz (Türkmen), Uygur, Kıpçak, Kanlı, Karluk, Kalaç.

b) Türkler'in en eski zamanlarda yaşamış Moğullar'ın Cengiz Han'ı gibi, cihangir bir hükümdarları vardır. Bu cihangir hükümdar'ın adı Oğuz Han'dır.

www.uyghurkitap.com

c) Türk dünyası, Oğuz Han'ın yaptığı büyük fetihler neticesinde meydana gelmiştir. Yani Türk kavimlerinin Beş-Balık bölgesinden Kara-Deniz'in küzeyine ve Anadolu'da Adalar Denizine kadar yayılmış olmaları Oğuz Han'ın fetihlerinden ileri gelmiştir.

ç) Oğuzlar Oğuz Han'ın 24 torunundan inmişlerdir. Uygurlar Oğuz Han'ın öz kavmi veya ona itaat eden Türk'lerdir. Kıpçak Kanlı, Karluk ve Kalaçlar da Oğuz Han'ın beylerinden türemişlerdir.

d) Türkle'rin tarihi bölümü'nde, Oğuz Han kavmini hak dinine sokmak için Tanrı tarafından gönderilmiş bir hükümdar olarak gösterilir. Böylece, kavmini hem Allah'n dinin getirmiş, hem de büyük fetihler yapmış bir peygamber hükümdara sahip olmakla Türkler'in hem Moğullar, hem de Araplar kadar şerefli veya onlardanda şerefli ve üstün bir kavim oldukları ifade edilmiştir. [Faruk Sümer, Oğuzlar, 273 s.]

Uygurların Oğuz Han'ın öz kavmi olduğuna, Oğuzların onun 24 torunundan indiğine göre, Oğuz Han adlı bu cihangir hükümdar, bir Uygur'dur. Bu Uygur ise Oğuzlar'ın ecdadıdır. Türk dünyası işte bu Uygur Hakan'ının büyük fetihlerinden meydana gelmiştir. [Pror. Dr. Faruk Sümer: Oğuzlar , 170, 171s. Türk Dünyası Araştırma Vakfı, İstanbul, 1992]

48. ئەگەر بۈيۈك تۈرك تارىخچىسى زەكى ۋەلىدى توگان نىڭ ئىتقىنىدەك ئۇيغۇر، يۇگۇر، ئوگۇر نامىلىرىنىڭ تارىخىنىڭ بىزگە مەلۇم ۋە نامەلۇم دەۋرلىرىدە تۈرك نامىنىڭ ئورنىغا قوللىنىلغان ئىسىم ئىكەنلىكىنى يەنى پۈتۈن تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردىن تۇرلىنىپ پەيدا بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخى دەلىللەرنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

Ogur, Yugur, Uygur adları aynı kelimenin muhtelif şekillrinden ibarettir. Asya ve Doğuavrupa'nın bu kadar geniş sahalarında bize

tarihen malum olan ve olmayan devirlerde yayılmış olan bu Ogur, Yugurların isimleri Miladdan önceki devirlerde Türk isminin yerini tutan bir isim olmuştu. İhtimal Önasya'daki Khuriler de onlardandır…

[A.Zeki Velidi Togan, Umumi Tutk Tarihine Giriş, 147s. , 149 s.Enderun Kitabevi 1981 İstanbul]

«...ئوگۇر، يۇگۇر، ئۇيغۇر ئىسىملىرى ئوخشاش سوزلەرنىڭ پەرقلىق شەكىللىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئازىيە ۋە شەرقى ياۋرۇپانىڭ بۈنچە كەڭرى ساھالىرىدا بىزگە تارىختىن بىرى مەلۇم بولغان ياكى بولمىغان دەۋرلەردە يېيىلىپ كەتكەن بۇ ئوگۇر يۇگۇر ئىسىملىرى مىلادىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردە تۈرك ئىسمىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بىر ئىسىم ئىكەنلىگى مەلۇم. ئىھتىمال كىچىك ئازىيەدىكى خۇرىلارمۇ ئۇلاردىن بولىشى مۇمكىن...»

«...ھەرھالدا ئوگۇر ياكى يۇگۇر ئىسىمى ئاخىرى ئۇيغۇر، ئوغۇز، قىپچاق، قاڭلى قاتارلىق قەۋملەرنىڭ ھەيئەت توپلىمىنىڭ ئىسمى بولغانلىغى مەلۇم. ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلارنىڭ تىل جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىرىدىن قارىغاندا، ئوگۇرلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) ئاساسى يېيىلىشلىرىنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردە ۋۇجۇتقا چىققانلىغىنى كورسىتىدۇ...»

[A.Zeki Velidi Togan, Umumi Tutk Tarihine Giriş, 147s. , 149 s.Enderun Kitabevi 1981 İstanbul]

49. ئەگەر تۈركلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى خۇسۇسىدا ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كىلىپ باقمىغان، ھەتتا مەۋجۇدىيەتىنى قوبۇل قىلىشقىمۇ پىتىنالمىغان ئىھتىماللارغىچە ئويلاشقان غازى مۇستافا كامال پاشا ئاتاتۈركنىڭ تەكلىفى بويىچە 1930. يىللاردا ئىپتىدائى تىللار مۇتەخەسسىسى، تارىخچى، دىپلومات تاخسىن ماياتەپەك ئەفەندى تەرىپىدىن ھازىرلانغان "تۈرك تارىخى ئىلمى ماقالىسى" دا شەرھىلەنگەن دەلىللەرنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

تاخسىن ماياتەپەك ئەفەندى تەرىپىدىن ھازىرلىنىپ، 1936. يىلى 29 فىۋرال تارىخىدا

سۇنۇلغان 7. دوكلاتنى خۇسۇسىدا ئەينەن شۇ سوز-ئىبارىلەرگە يەر بېرىلگەن :

«...ئۇيغۇر، ئاكاد ۋە سۇمەرتۈركلىرىنىڭ پاسسىفىك دېڭىزىدىكى (تىنچ ئوكيانىدا) تۇنجى ئىنسان پەيدا بولغان مۇ قىتئەسىدىن 70 مىڭ يىل ئاۋۋەل چىقىپ مۇ قىتئەسىنىڭ بۈيۈك مەدەنىيەت، تىل ۋە دىنلىرىنى جاھانغا يايغىنىغا ئائىت يىپ-يىڭى ۋە مۇھىم مەلۇماتلارنى ئوز ئىچىگە ئالغان دوكلات ئىكەنلىگى تەكىتلەنگەن ...»

بۇ دوكلاتتا James Churchward نىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن ئۇيغۇر ئىمپىراتورلىغىنىڭ تۈرك ئىمپىراتورلىغىدىن 10 – 11 مىڭ يىل ئاۋۋال مەيدانغا كەلگەنلىگى تەكىتلەنگەن...

Kemal SEZER : Atatür'ün ulaştığı şifrelere göre Türklerin anayurdu Ortf Asya değildi ! Ergenekon mu, Mu mu ? Yeni Aktuel 2005 23 Sayfa.

50. ئەگەر تۈرك ۋە ئۇيغۇرناملىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى، مانىزىمنىڭ تەسىرى ۋە تۇراقلىق هايات تەرزى جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تۈركى خەلقلىرىدىن پەرىقلىق توپلۇم ئىكەنلىگىنى ئىدراك قىلىشنى، ئىككى مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ سەۋەپ-نەتىجىلىرىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

51. ئەگەر بۈيۈك تۈرك تارىخچىسى زەكى ۋەلىدى توگان نىڭ تەتقىقاتلىرىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 840. يىللىرىدىلا بەشبالىق ۋە قوچۇ بولگەلىرىگە يەرلەشكەندىن كىيىن بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىگىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

840 yılında Orhun sahasından ayrılıp, Beşbalık ve Koçu mıntıkasna yerleştikten sonra ziraetçi ve tüccar bir millet olarak yaşadılar. [Zeki Velidi Togan: age. 99 s.]

52. ئەگەر ئۇيغۇر بەگلىرىدىن سۇلتان ئالائىددىن ئاراتنانىڭ تۈركىيە ئانادولۇ بولگىسىنىڭ *200000* km^2 لىق يەركولىمىدە ئەرەتنا دەۋلىتىنى *(1380-1327)* قۇرغانلىقىنى ئىدراك قىلىشىنى خالىساق،

53. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭگىزخان زامانىدا موڭغۇللار بىلەن بىرلىكتە ئاناتولىيىغا كېلىپ، قەيسەرى، كونيا، قارامان گىبى بولگىلىرىگە يەرلىشىپ، باش ۋالى گىبى نۇھىم ۋەزىپىلەردە بولغانلىقىنى، ئوسمانلى زامانىدا، فاتىخ سۇلتان مەھمەتنىڭ پەرمانلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلغانلىقىنى، فاتىخ سارايىدا ئۇيغۇرچە ئۆگۈتۈلگەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

OSMANLI VE CUMHURİYET DÖNEMİNDE TÜRK-UYGUR İLİŞKİLERİ ÜZERİNE(1861-1934) Alimcan İNAYET Yrd. Doç. Dr.. E. Ü. Türk Dünyası Araştırmaları Enstitüsü. http://dergipark.gov.tr/download/article-file/406169

54. ئەگەر *A.N. Kooropatkin'* نىڭ تەتقىقاتلىرىدىن ئاۋروپانى ئىستىلا قىلغان هونلارنىڭ ئەسلىدە ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

A.N. Kooropatkin' e göre, IV asrın başlangıçı Hunlar batıya doğru yayıldığı zamanlarda, rasgelen ufak göçmen kabilelerinin hepsini önüne katarak, onlardan yararlanarak Roma İmperatorluğunu ele geçirmiş, V asırda Alman topraklarını istila etmiştir. Bu Honlar, "Uygur", "Ugra", "Hungıra" adlarıyla Avrupa'ya kadar ulaşmişlar. Şimdi Macar veya Macaristanlılar diye adlandırılanlar tam şunların evladıdır. Önceki Hunlar, sonradan Uygurlar olarak adlandırılmıştır. [A.N. Kooropatkin ∶ Keşkeriye. 123 s. (Uygurca Hekime Erşidin tercümesi) Xin Jiang Helk Neşiriyati Ürümçi]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

55. ئەگەر فرانسوز مىسيونېر *Huc* نىڭ تەتقىقاتلىرىدىن هونلار بىلەن ئۇيغۇرلار نىڭ ئەينى ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

Fransız Misyoner Huc 'da Tatarlar ve Tibetlere Seyahat Hatırası' denilen eserinde aynı fikiri destekleyerek Hunlar ile Uygurlar'ın aynı insanlar olduğunu teyit etmiştir.. [Keşkeriye. 123 s Uygurca Hekime Erşidin tercümesi «Xin Jiang» Helk Neşiriyati Ürümçi 1984]

Hunlar, İÖ 3. yüzyılının sonunda, Orta Asya'nın büyük bir bölümüne 500 yıldan uzun bir süre egemen olarak büyük bir kabile birliği oluşturan ve İS yüzyılın 370' te Avrupayı istila ederek büyük bir imparatorluk kuran göçebe halktır. [AnaBritannica : 11.cilt, 279 s.]

56. ئەگەر ئۇلۇق ئۇيغۇر ئالىمى مەخمۇت قەشقىرىنىڭ دىۋانى لۇغەتىت تۈرك سەرلەۋھەلىك ئەسىرىنىڭ مۇقاۋىسىغا ئەمەس، ئىچىدىكى مەزمۇنىغا بىقىپ هەركەت قىلىشنى، دىۋانى لۇغەتىت تۈرك دە ئىزاهلانغان ئۇيغۇر ئىلىنىڭ ئۇيغۇرىيە، ئۇيغۇرىستان ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

57. ئەگەر بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئوغۇزخان، ماھمۇت قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەبۇ ناسىر فارابى، ئىبنى سىنا، ئەخمەت ياسەۋى، ئەلشىر نەۋائى كىبى تارىخى سەرخىللىرىمىزغا ھەقىقى تۈردە ساھىپ چىقىشنى خالىساق،

58. ئەگەر بۈيۈك تۈرك تارىخچىسى زەكى ۋەلىدى توگان نىڭ ئىتقىنىدەك ئۇيغۇرىستان نامىنىڭ مىلادى *840*-يىلدىن باشلانغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخى ھادىسەنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

59. ئەگەر ئۇيغۇر ئۇيغارلىقىغا (مەدەنىيىتىگە) ساھىپ چىقىشنى ئويدان بىلىدىغان ئاما، ئۇيغۇرلىقىغا ساھىپ چىقىشتىن باش تارتىدىغان كويۇمچان قېرىنداشلارىمىزغا

تارىخ دەرسى بېرىشنى، تارىخى كىملىكىمىزنى تونۇتۇشنى خالىساق،

ئەسلى ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ ئۇيغۇرىستان ئىكەنلىكى دۇنياچە مەشھۇر تارىخشۇناس ۋە تۈركولوگى ئا. زەكى ۋەلىدى توگان تەرىپىدىن ئالاھىدە ئورتىغا قويۇلغانلىقى مەلۇم، توگان شۇنداق دەيدۇ:

«توققۇز ئوغۇز-ئۇيغۇرلارغا باشچىلىق قىلغان خاقانلار ئاۋۋال مۇڭغۇلىيەنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدىكى قارابالغاسۇن شەھرىنى پايتەخت قىلىپ *840 – 745* يىللىرى ئارىسىدا يۈز يىلچە ھۆكۈم سۈردى. بۇلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىدىن تونۇلغانلىرى مويۇنچۇر (*759 – 745*) ۋە بوگو قاخان (*780 – 9 75*) ئىدى. بوگو قاخان *763*- يىلى مانى دىنىنى قوبۇل قىلىپ بۇ دىنىنىڭ ئورتا ئازىيەنىڭ شەرقىدە كەڭ كولەمدە تارقىلىشىغا سەۋەپ بولدى.

« *840* – يىلى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى، يىنسەي (كىم) ۋادىسىسدىكى قىرغىزلارنىڭ بىسىمى بىلەن يۇرتىنىڭ غەربىگە- قەدىمى خاندانلىق غەربى جامائەتىنىڭ مەركىزى بولغان بەشبالىق ۋە قوچو شەھەرلىرىگە يەنى شەرقى تىيانشانغا يەرلەشتى. باشقا بىر قىسمى خەنزۇلارنىڭ ھاكىمىيتىنى قوبۇل قىلىپ غەربى شىمالى خىتاينىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى چىگراسىدا يەرلەشتى...».

«شەرقىي تىيانشان بۆلگىسى بۇ زاماندىن ئېتىبارەن ئەسلى ئۇيغۇر مەملىكتى ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتالدى. بۇ يەردە ئۇيغۇرلار مانى دىنىدىن بەكرەك بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالدى. مۇستەقىل ھاكىمىيەتلىرى *13* – ئەسىردىكى مۇڭغۇللار دەۋرىگىچە داۋام قىلدى...».*70*

Ord. Prof. Dr. A. Zeki VElidi Togan Umumi Turk Tarihing Giriş 56 s. 57 s. I Cilt 3. Baskı, Enderun Kitapevi İstanbul 1981

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

“840 senesinde bu Uygurları Yenisey (Kem) havzasındaki Kırgızları tarafından tazyık olunarak bir kısmı memleketin garbi kısmında, eskiden de hanedanın garbi zümresinin merkezi olan Beşbalık ve Koçu şehirlerinde, yani şarki Tiyanşan'da yerleştiler. Diğer bir kısmı da Çin'in hakimiyetini kabul ederek şimaligarbi Çin'de, Kansu vilayeti hududunda yerleştiler. Şarki Tiyanşan mıntakası bu zamandan itibaren asıl Uygur memleketi Uyguristan addedilmiş oldu. Burada Uygurlar manizimden ziyade budizm tesirine düştüler, müstakil hakimiyetleri 13 üncü asırda Moğullar devrine kadar devam etti” [Omumi Türk Tarih'ine giriş: 56, 57 s. İstanbul, 1981]

بۈيۈك تۈرك تارىخچىسى زەكى ۋەلىدى توگان نىڭ بۇ تەتقىقاتلىرىدىن ئەسلى ئۇيغۇر يۇرتىنىڭ (ئانا ۋەتىنىنىڭ) ئۇيغۇرىستان ئىكەنلىكى ئاللابۇرۇن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم

دىمەك، "ئۇيغۇرىستان" – تارىخى ھەقىقەتلەرگە كورە بېرىلگەن ئىسىمدۇر. *1178* يىلىق ھادىسەدۇر (زەكى ۋەلىدى توگانغا كورە). "شەرقى تۈركىستان" – *1933*- يىلى قۇرۇلغان « شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىتى » دىن باشلانغان *85* يىللىق ھادىسە دۇر. ئو سىياسى غايەلەرگە كورە بېرىلگەن ئىسىمدۇر.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانا ۋەتىنى پەقەت ئۇ مىللەتنىڭ ئوز ئىسمى بىلەن يەنى ئۇيغۇر ئىلى، ئۇيغۇرىيە ياكى ئۇيغۇرىستان بىلەن ئاتالغاندىلا ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيادا تەبىئى تونۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بۇ ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ھەقىقەتتۇر.

ئامېرىكا ياكى ياۋرۇپا كوچىلىرىدا تۈرك نەسلىدىن مۇستەسنا بىر كىشىگە «شەرقى تۈركىستان» دىن گەپ ئېچىلسا، قەلبى جەھەتتىن (پسىخولوگىيە نوقتى نەزەردىن) ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەقلىغە بىر تۈرك دۆلىتى، تۈركىيە ياكى تۈركلەر كېلىشى مۇقەررەر. ئەمما ھىچبىر زامان خىتاي ئىستىلاسى ئاستىدا قېلىۋاتقان ئۇيغۇر تۇپراقلىرى ياكى ئۇيغۇلار

كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ھەقىقەتتىن ھالقىغان بۇ ئىسىم ئۇيغۇرغا ھەرگىز تەبىئى تونۇلۇش ئىمكانىيىتى بەرمەيدۇ. دەل ئەكسىچە تونۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. (نۇ نوختىنى بۇ قىتىم بىلگىيەنىڭ بىرۇكسىل، شىۋىتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھرىدە ياكى ياۋرۇپانىڭ باشقا شەھەرلىرىدە قىلىنغان نامايىشلاردا ھىس قىلغان بولىشىڭلار مۇمكىن.)

ئۇيغۇر تارىخىدىن خەۋەرسىز سىياسەتچىلەر، "ئۇيغۇرىستان دىمەك تۇغۇلمىغان بالىغا ئات قويۇش" ھەتتا "ئۇيغۇر دۆلىتى ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتالمىغان"، دەپ تارىخى رىئاللىقنى ئىنكار قىلىشقا تىرىشماقتا.

ئۇيغۇرىستان - «ئۇيغۇر ئىلى»، «ئۇيغۇر يۇرتى»، «ئۇيغۇرىيە»، كىزى كەلگەندە «ئۇيغۇر مەملىكىتى»، «ئۇيغۇر دۆلىتى»، «ئۇيغۇر ئىمپىرىيەسى» دىمەكتۇر.

ماھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇر – سۇلمى، قوچۇ، جانبالىق، بەشبالىق، يېڭىبالىق قاتارلىق بەش شەھرى بولغان بىر ئەلنىڭ ئىسمى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. *[1 – توم 151 – بەت، خەلق نەشرىياتى ئۈرۈمچى 1981 – يىل*

ئەل - «يۇرت»، «دىيار»، «مەملىكەت» دىمەكتۇر. *[ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھاتلىق لۇغىتى، 1 – توم، 291 – بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، بىجىن 1990]71*

ئەگەر پارس تىلىدىكى «ستان» سۆزى ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلغان مەزگىللەردە *(840 – 745)* ياكى ماھمۇت قەشقىرى زامانىدا تىلىمىزغا سىڭىپ كىرگەن بولسا ئىدى. ئۇ ھالدا مۇئەللىپىنىڭ ئەسىرىگە «ئۇيغۇر ئىلى - «ئۇيغۇرىستان» دەپ ئىزاھلانغان بولاتتى.

تارىخى ئەسەرلەرگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇيغۇرىستان ئاتالغۇسىنىڭ تارىخى مەۋجۇدىيىتى ھەرقايسى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن شۇ شەكىلدە شەرھلەنگەنلىكى مەلۇم.

www.uyghurkitap.com

60. ئەگەر بۇيۇك تۇرك تارىخچىسى رىزا نۇرنىڭ ئۇيغۇرىستان ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

Dr. Rıza Nur 'a göre: “Orta asya ve Sibirya'nın geniş isteplerinde Türk urukları arasından ayrılarak daimi vatan tesis etmek üzere cenuba yürüyen ilk Türk kabilesinin Uygurlar olduğu muhakkaktır. Uygurlar şarkta Çin'in Kansu eyaleti ve Gobi çolü, Tibet ve Koenlun dağı; garpta Pamir yaylası; şimalde Cungariye kıtası ve Altay dağlarının cenubi ayaklarıdır. Uygurlar bu son istikamette diğer Türklrle irtibat ve münasebette kaldılar. Uygurlar'ın merkezi bugünkü Kumul, Turfan ve Karaşehir civarıdır. Daha sonra bilhassa Kaşgar, Semerkant, « Karşi » de Uygur idi. O halde Uyguristan; bugünkü Şarki Türkistan veya Çin

61. ئەگەر بۇيۇك ياپون تارىخچىسى ئودا جۇتەن نىڭ ئۇيغۇرىستان ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

غەربى ئۇيغۇر پادىشالىقىنىڭ تەۋەسى (تېررىتورىيەسى) شەرقى تىيانشان تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى ئېتەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 840. يىلدىن كىيىن، كوچمەن ئۇيغۇر ئىمپىرىيەسى ۋەيران بولۇپ، كوپ سانلىق ئۇيغۇرلار مونغۇلىيەدىن بۇ يەرگە كىلىپ، تۇراقلىق ھايات شەكلىنى تاللىدى. يەرلىك غەيرى تۇرك خەلقلىرى بۇ غايىپتىن كەلگەن مىھمانلارنىڭ تۇركچە تىلىنى ئۇگەندى. نەتىجىدە ئۇيغۇرىستان دىگەن بىر دولەت پەيدا بولدى. بۇ دەۋلەت خىتاي بىلەن ئىچكى ئازىيە ئارىسىدا قاتناش ۋە تىجارەتنىڭ مۇھىم ۋاستىلىق بولگىسى، شەرق بىلەن غەرپ ئارىسىدا مەدەنيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كورىگى بولۇپ قالدى. مانىستلەر، بۇددىستلەر، ناستورىيانلار ۋە باشقا دىندىكىلەر، ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتالغان بۇ تۇرك تىلى بىلەن سوزلىشىدىغان ۋە يېزىشىدىغان بولدى. ئۇلار موڭغۇل ئىمپىرىيەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بۇيۇك مەدەنى تەسىرلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، مونغۇل تىلىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئىپادىلەيدىغان ھالغا كەلتۇردى. ئامما ئۇيغۇرىستان، مونغۇل ئىستىلاسى ئاستىدا زاۋالىققا يۇز تۇتۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار 1260- يىلدىن كىيىن 40 يىل داۋاملاشقان بۇ كايدۇ ئىسيانىدىن ناھايىتى جاپا تارتتى. ئۇيغۇر پادىشا جەمەتى گەرچە ئىدىقۇت ئۇنۋانىغا

ئېرىشكەن بولسىمۇ، باشقا كۈچلۈك نەسەپلەر خىتاينىڭ غەربى-شىمال بولگىسىدىن پانالىق ئالدى. 1305. يىلدىن كىيىن، ئورتا ئازىيەدە ۋەزىيەت تىنچىدى، ئامما ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى ئاۋاتلىغىغا قايتالمىدى. بۇنى ئاز دەپ، ئۇلارنىڭ قاتناش يوللىرى ئىسلامچى ئىران تۈركلىرىنىڭ ترانسوزىيانادىن باشلانغان ئۇزۇن مۇساپىلىك تىجارەت كاشىلىلىرى تۈپەيلىدىن چىرىپ كەتتى. ئىسلامى كۈچلەر ھەقىقەتەن پۈتۈن تارىم ۋادىسىغا قەدەر كىڭەيدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇددىست ئۇيغۇرلار ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى تىبەت لاما مەدەنىيەتىنىڭ تەسرى ئاستىدا ئازسانلىق بولۇپ قالدى.

Batı Uygur Kırallığı'nın toprağı, doğu Tianşan sıralarının küzey ve güney eteklerine kadar uzanıyordu. 840 'den sonra, göçebe Uygur İmparatorluğu'nun yıkılmasıyla, Mongolia (Moğulistan) 'dan çok sayıda Uygurlar buraya gelip, yerleşik hayat biçimini seçtiler. Türk olmayan yerli halklar bu ezici acemilerin Türkçe dilini öğrendiler. Neticede, Uyguristan denilen bir devlet meydana geldi. Bu devlet, Çin

ile İç Asya arasındaki nakliyat ve ticaretin önemli aracı bölgesi haline geldi. Doğu ile batı arasındaki kültürel alış-verişin köprüsü oldu. Manihistler, budistler, nastorianlar ve başka dindekiler, Uygur Alfebesi denilen bu Türkçe ile konuşmaya ve yazişmaya başladılar. Onlar, Moğul İmparatorluğunun erken dönemlerinde büyük kültürel etkinlikler sarfettiler. Moğul dili, Uygur alfebesi ile yazılmaya başladılar. Ama, Uyguristan, Moğul istilasıyla batmaya yüztuttu. Bilhassa 1260' dan sonra, 40 sene devam eden Kaido İsyanından dolayı çok zararlar çektiler. Uygur Kraliyet ailesi, gerçi, İdikut unvanı taşısa da, başka güçlü saltanatlarda Çin'in küzey - batı bölgesine .sığındılar

[Uighuristan : Acta Asiatica No: 34 22 p. Tokyo, 1978]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

.62 ئەگەر ئىنگلىز تەتقىقاتچى *Prof. Dr. Andrew D. W. Forbes* نىڭ ئۇيغۇرىستان ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

Prof. Dr. Andrew D. W. Forbes'e göre, " Han Çinlilerinin, bugünkü günde esasen Xin Jiang ile sınırlanan bu Orta Asya bölgesine olan müdahilesi, gerçi I. asrın başlarında yani Batı Han sülalesinin 5. padişası

Wu Di zamanında başlanmışsa da, bu bölge üzerindeki egemenliği XVIII asrın ortalarına kadar hafif seyrek halinde kalmıştır, yani ancak 'Uyguristan' ını Kumul ve Turfan bölgeleri ile Ming sülalesi arasında gevşek vasallık ilişkileri kurmuştur. Qing Qian Lung hükümranlığının 19. yılı (1755) Cungariye ve İli vadesini tümüyle Çinlilerin controlu altına almıştır.. 'Altışehir'in Tarım Ovası da 1758 yılı Kaşgar'ın işgaliyle elden gitmiştir. " [Warlods and Muslims in Chinese Sentral Asia : p. 9, Cambridge University Press, 1986]

.63 ئەگەر ئىتالىيەلىك بۈيۈك ساياھەتچى ماركو پولو نىڭ ئۇيغۇرىستان ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

According to The Travels of Marco Polo

馬可·波羅行記》在第59節*Camul*條下這樣記述畏兀兒斯坦：*[1]*

畏兀兒斯坦是一個臣屬於大汗的大區。它包括很多城鎮和村莊，它的最大城市叫"哈剌火州"。它包括許多附屬於它的其它城鎮、村莊，它的居民崇拜偶像。不過，那裏也有不少信奉聶斯托里派的基督教徒，還有一些薩拉孫人。*http://chuansong.me/n/2442524*

64. ئەگەر *1933* يىلدا قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيەتىدىن ئاۋۋال ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش پىلانلانغانلىقى، ھەتتا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى نامىدا تەڭگە پۇل قۇيۇلغانلىقىنىڭ تارىخى ئارقا كورۇنۇشىنى تەتقىق قىلىشنى خالىساق،

Uyguristan Cumhuriyeti» deyimi, ilk defa 1933 'de Kaşgarda kurulan» Doğu Türkistan İslam Cumhuriyeti döneminde bastırılan bakır paranın ön yüzünde görülmüştür, Türkistan adındaki bu cumhuruyet'in neden Uyguristan adına para bastırdığı ayrı tatkikat konusudur. Bu para Amerika müzeleri ve dünya para kataolog'larında saklanmaktadır. [Gulameddin Pahta : Şerki Türkistan Milli Azatlık Herkitining Yolbaşçiliridin Hoca Niyaz Hacim, Doğu Türkistan Sesi, 22 s. 25 Sayı, 1990]

65. ئەگەر *1933*.يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە مۇستەبىت شىڭ شىسەي دەك سوۋىت ئىستىپاقىدىن تەل-توكۇس پايدىلىنىشقا جۇرئەت قىلالايدىغان بىر ئۇيغۇر سىياسەتچىسنى ئورتىغا چىقىرالىغان، ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا قادىر بولالىغان بولساق،

66. ئەگەر *1944*. يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان جۇمىۇرىيىتى دەۋرىدە مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى دەك سوۋىت تەرەپدارى بىر ئۇيغۇر سىياسەتچىنىڭ، خۇددى مۇستافا كامال پاشا ئاتاتۇرك نىڭ يۇشۇرۇن كومۇنىست پارتىيە قۇرۇپ لىنىنىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۇرۇشكە تىرىشقىنىدەك، سوۋىت ۋە خىتاي كومۇنىستلىرىنى ئىتراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئۇيغۇرىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا قادىر بولالىغان بولساق،

*1950*年*2*月*14*日周恩来代表中国在中苏友好同盟互助条约上签字，

背后是斯大林、毛泽东。条约规定苏联向中国贷款*3*亿美元。

《特别协定》则是早两天已在莫斯科签订。

第十七条：缔约国双方同意，内蒙，新疆，西藏，建立各民族的人民共和国，由双方共同负责扶助其独立。

http://www.aboluowang.com/2017/0301/889890.html

1950-يىلى 2-ئاينىڭ 12- كۈنى موسكۋادا جۇئېنلەي ۋە ئاندرى ۋىشىنسكى تەرىپىدىن ئىمزالانغان جوڭگو – سەۋىت دوستلۇق شەرتنامىسىنىڭ "ئالاھىدە شەرتنامە" 17- ماددىسىدا :

"شەرتنامە تۈزۈشكەن دولەتلەردىن ھەر ئىككى تەرەپ ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، شىزاڭدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇشىغا قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى يولەشكە ئىككى تەرەپ ئورتاق مەسئۇل بولىدۇ ."

مۇستافا كامال پاشا ئاتاتۈرك نىڭ يۇشۇرۇن كومىنىست پارتىيە قۇرۇش پائالىيتى:

1920. يىلى تۈركىيەدىكى ئىنقىلاپنىڭ جىددى پەيتلىرىدە، مۇستافا كامال پاشا مەملىكەتتە ئۇلغۇيىۋاتقان بولشىۋىك ھەركىتىنىڭ تىزگىنىنى قولىدا تۇتماق، ئەينى زاماندا موسكۋانىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەك مەقسىتىدە، ھىچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان بىر قىلىپنى (فورمۇلانى) يەنى بولشىۋىكتىن ئىبارەت بۇ سىرلىق كوزىرنى ئورتىغا چىقاردى. سەپداشلىرىدىن مالىيە باقانى، يېشىل ئوردۇ قۇرغۇچىسى ھاككى باغچە بەيگە كومىنىست پارتىيە قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. 1920. يىلى 18. ئوكتەبىر كۈنى ئانقارادا، ھاككى باغچە بەينىڭ باش كاتىپلىقىدا تۈركىيە كومىنىست پارتىيەسى قۇرۇلدى. 3 يېرىم ئاي ۋەزىپە ئوتىگەن بۇ پارتىيەنىڭ 30 كىشىلىك مەركىزى كومىتىتىگە رافىك كورالتان، تەۋفىك رۈشتۇ، يۇنۇس نازى، قىلىچ ئالى، ئالى فۇئات، ئىسمەت ۋە فەۋزى پاشالار كىرگۈزۈلدى. ..

بۇ ھادىسە مۇستافا كامال پاشا ئاتاتۇرك نىڭ غەربى سەپ قۇماندانى ئالى فۇئات پاشاغا يازغان مەكتۇبىدە شۇ شەكىلدە تىلغا ئېلىنغان.

سۈيۈملۈك يولداش :

3. ئىنتېرناتسىيونالغا بىۋاستە قاراشلىق بىر تۈركىيە كوممۇنىست پارتىيىسى تەشكىل قىلىنىپ ھوكۇمەت تەرىپىدىن تەستىقلاندى. پارتىيەنىڭ ھەربى ئىشلار شوبىسى سىزدەك بىر قۇماندان يولدىشىمىزنى ئارىمىزدا كورۈشتىن پەخىرلىنىدۇ. پارتىيە رەسمى پائالىيىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئىلگىرى قۇرۇلغان مەخپى يېشىل ئوردۇ تەشكىلاتىنىڭمۇ پارتىيەگە ئۆزگەرتىلىشى تۈپەيلىدىن بولشىۋىزىم ۋە كوممۇنىزىم فىكىرلىرى ئاساسىدىكى ھېچبىر جەمىيەت، ھەيئەت ۋە شەخسىلەر رەسىملىك رۇخسەتنامىسىز پائالىيەت قىلالمايدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دەرھال دىققەت قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن.

مۇستافا كامال پاشا

بۇ پارتىيەنىڭ تارىخى ۋەزىپىسى تاماملانغاندىن كىيىن، ئەسلىدە موسكۋا تەرىپىدىن ئېتراپ قىلىنغان ئىلگىركى رەسمى كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ مۇستافا سوفى باشچىلىغىدىكى 14 ئەزاسى دىڭىز قازاسى بىلەن غەرق قىلىنغانلىغى مەلۇم. (بۇ ماتېريال 1995. يىلى 15. فېۋرال كۈنى سائەت 23:30 دا كانال D دە سۈنۇلغان "سايىدىكىلەر' ناملىق ھوججەتلىك فىلىمدىن ئېلىندى ...)

67. ئەگەر شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە، خەلقىمىزنىڭ مۇقەددەس مەنپەئەتىگە تاقاشقان ئەڭ مۇھىم مىللى مەسىلە: ئورۇس (سوۋېت ئىتتىپاقى) بىلەن دوست بولۇپ خىتايدىن قۇتۇلۇشمۇ ياكى ئورۇس بىلەن دۈشمەنلىشىپ خىتايغا تۇتۇلۇشمۇ؟ دىگەن جىددى سۇئالنىڭ جاۋابىنى تاپالايدىغان بىر سىياسەتچىنى ئورتىغا چىقىرىشقا قادىر بولالىغان بولساق،

www.uyghurkitap.com

68. ئەگەر 1955. يىلى ئۈرۈمچىدە" شىنجاڭ ئۇيغۇر ئوزئەرك بولگىسى" قۇرۇلغان مەزگىلدە، ئۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كومۇنىست رەھپەرلىرى، زوزوڭتاڭ تەرىپىدىن 1883 دە رەسمىلەشكەن" شىنجاڭ (يېڭى چىگرا)" ئاتالغۇسىنىڭ ئاتالمىش "ئۇيغۇر ئوزئەرك بولگىسى (ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى)" بىلەن بىرلىكتە قوللۇنۇشىنىڭ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ مىللى ئاۋتونومىيە سىياسىتىنىڭ ساختا ئىكەنلىگىنى يەنى، ئوز-ئوزىگە ئات قويۇش هوقوقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بىر مىللەتنىڭ ئوز-ئوزىنى ئىدارە قىلىش هوقوقىدىن بەھرىمەن بولالمايدىغانلىغىنى تەكىتلەپ،" ئىچكى موڭغۇل ئاۋتونوم رايونى"," تىبەت ئاۋتونوم رايونى" دەك " ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى" بولۇشنى تەكىتلەپ بولسىمۇ" شىنجاڭ (يېڭى چىگرا)" ئاتالغۇسىنى بويقۇت قىلىشقا قادىر بولالىغان بولساق، (بەلكىم ھېچ بولمىغاندا "شىنجاڭلىق" بولۇپ قىلىشتىن ساقلىنالغان بولاتتۇق،)

69. ئەگەر ئۇيغۇرستان نامىنىڭ 1935 دە بەزى ئىلمى ئەسەرلەردە جەنۇبى ۋە شىمالى ئۇيغۇرستان دەپ ئايرىلغانلىغىنى نەزەر ئىتىبارغا ئىلىشنى خالىساق، ،

70، ئەگەر چاغاتاي خانلىغىنىڭ ئۇيغۇرستان، ئالتىشەھەر ۋە مۇڭغۇلىستان دەپ ئۈچ قىسىمغا ئايرىلغانلىغىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

察合台汗國分为畏兀儿斯坦（*Uyghurstan*），阿尔蒂沙尔(*Alti-Shahr*，意思是六城：莎車，喀什，和田，阿克苏，烏什和英吉沙），和西部蒙兀兒斯坦（*Moghulistan*）。*Chagatay Khaghanate is divided into Uyghurstan, Alti-Sheher (The six cities of Kuchar, Khashgar, Hoten, Aksu and Yengisar are often referred to as Alti Sheher) and Moghulistan.*

https://zh.wikipedia.org/wiki/%E8%92%99%E5%85%80%E5%85%92%E6%96%AF%E5%9D%A6

大致范围是历史上的察合台汗国疆域，常被称为蒙兀儿斯坦，西部（即*Western Moghulistan*）为叶尔羌、东部（即*Eastern Moghulistan*）又被称为畏兀儿斯坦（*Uyghurstan*，吐鲁番汗国）。

https://zh.wikipedia.org/zh/%E4%B8%9C%E7%AA%81%E5%8E%A5%E6%96%AF%E5%9D%A6

71. ئەگەر بەزى خىتاي مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرىستان نىڭ شەرقى تۈركىستان ئىكەنلىكى، بەزى مەنبەلەردە ئئۇيغۇرىستان نىڭ ئەسلى ئۇيغۇر دۆلىتى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغانلىقىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

東突厥斯坦或東土耳其斯坦（維吾爾語：شەرقىي تۈركىستان, *Sherqiy Türkistan*），

或称維吾爾斯坦（*Uyghuristan*），是历史上对以巴尔喀什湖—帕米尔高原一线以东的中亚地区的称谓。当代，是支持東突厥斯坦獨立運動人士對今日中華人民共和國的新疆維吾爾自治區西南部的稱呼，或者指历史上的两次东突厥斯坦共和国。歷史上，這個地區曾长时间存在若干獨立國家，也曾數度在中國的控制之下。*1759*年，清朝侵略准噶尔汗国及大小和卓之亂，最終將天山北路的准噶尔汗国和天山南路的回部納入版圖，稱為“西域新疆”，新疆之名即来源於此，建省出自於左宗棠上奏同治皇帝的「他族逼處，故土新歸。」。中華民國建立後，中國各地陷入長年戰亂之中，中央政府對新疆的控制能力下降，新疆或東突厥斯坦獨立運動得以發展。

https://zh.wikipedia.org/zh/%E4%B8%9C%E7%AA%81%E5%8E%A5%E6%96%AF%E5%9D%A6

畏兀儿斯坦，或者称原回鹘国，即库车、喀拉沙尔、吐鲁番（或称哈刺火州）之地。*http://www.edubridge.com/erxiantang/l2/caoyuandiguo/03-14.htm*

72. ئەگەر، ”ئۇيغۇرىستان“ نامىنىڭ تارىخى ھەقىقەتكە كورە، ”شەرقى تۇركىستان“ نامىنىڭ سىياسى غايەگە كورە بېرىلگەنلىگىدىن ئىبارەت بۇ نازۇك فەرقنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

73. ئەگەر پرافسور دوكتور ئوسمان فىكرى سەرتكايا نىڭ ئۇيغۇرىستان ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىدىن خەۋەردار بولۇشنى خالىساق،

Prof. Dr. Osman Fikri Serkaya 'nın araştırmalarına göre Cengiz Han Tarihi Tercümesi olarak adlandırılan bu 156 sayfalı eksik metin, 1. Turfan seferi sırasında A. Grünvedel tarafından Bulayıkta bulunmuş ve Berlin'de Museum Für Indisch Kunst (Dahlem)'de I.B.3116 nomura altında korumaya alınmıştır. Sonra 2. Dünya Savaşı sırasında ortadan kaybolmuştur.

Metnin 1 (1a) 1 - 11 satırlarındaki " Türk ve Moğul beylerinin gönlüne hoş gelsin diye Cengiz Han Tarihini Cihan - Güşay tarihlerinden tercüme edip, sözün aslı elde edildi. Bilmen gerekirki, Moğul ili ile Türk ulusunun aslı bünyesi birdir. Başta gelen yerleri kadimdan beri belli olan ovalar, dağlardır. Rus'a, Kıpçak'a, Çerkes'e, Kaşgar'a, Bulgar'a, Talas'a, Sayram'a, İbir - Sibir'e, (An) kara müren'e, Türkistan, Uyguristan ve Nayman'dan ibaret bu üç vilayetin ovaları ve çölleri ile Kök irtiş'e, Kara -kurum'a, Altay'a, Orhun müren'e kadar ulaşır.

[Osman Fikri Sertkaya: Oğuz Kağan Destanı Üzerine bazı Mülahazalar, 16 s. Ankara Üniversitesi Basımevi, 1995]

Metnin 12 (6b) 9 -15 satırlarında Uygur İli husunda şu ibarelre yer vermektedir. "Uygur İli bir kaç bölgeden oluşur, her bir bölge bir aymak olarak adladırılır. Bir kaç aymaklılar kendi beylerin izniyle üçlük araba yaptılar. Türkler arabanı Kanglıy dediler, Kanglıy bölge lakabı oldular." .

74. ئەگەر رۇس ئالىمى *Самойлович* تەرىپىدىن *1912*- يىلى ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇرىزىم» ھادىسىسىنى تەكرار تەتقىق قىلىشنى ۋە جانلاندۇرۇشنى خالىساق،

XIII. Yüzyıl ortalarından XVI. Yüzyıla kadar Doğu Avrupa ile Volga boylarında egemenliğini sürdüren Altınordu Devleti devrinde, Orta Asya ve Volga boylarındaki halkların kültürlü tabakalarında, Uygur edebi dilini örnek alan veya ona göre eser yazmaktan ibaret bir medeniyet hadisesi yani bir "Uygurizm" hadisesi şekillenmiştir.

http://www.allaturkaa.de/forum/index.php?page=Thread&postID=1115544

75. ئەگەر خىتاي دائىرىلىرىنى ئەڭ ئاجىز نوختىسىدىن قىستاشنى يەنى، مەشھور خىتاي شائىرى ۋە يازغۇچىسى لۇشۈن نىڭ ئىتقىنىدەك سەددىچىن سىپىلىنىڭ 胡人 - غۇزلاردىن يەنى ئۇيغۇرلاردىن قوغدۇنۇش ئۈچۈن سوقۇلغان لەنەتلىك سىپىل ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈشنى خالىساق،

76（鲁迅：*1881*年*9*月*25*日－*1936*年*10*月*19*日）

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

伟大的长城！

这工程，虽在地图上也还有它的小像，凡是世界上稍有知识的人们，大概都知道的罢。

其实，从来不过徒然役死许多工人而已，胡人何尝挡得住。现在不过一种古迹了，但一时也不会灭尽，或者还要保存它。

我总觉得周围有长城围绕。这长城的构成材料，是旧有的古砖和补添的新砖。两种东西联为一气造成了城壁，将人们包围。

何时才不给长城添新砖呢？

这伟大而可诅咒的长城！

五月十一日。

《长城》是鲁迅的一篇文章，出自《华盖集》，本篇最初发表于一九二五年五月十五日《莽原》周刊第四期。

http://baike.baidu.com/item/%E9%95%BF%E5%9F%8E/15685779

77. ئەگەر خىتاي تارىخى مەنبەلىرىدە ئىزھار قىلىنغان胡人 يەنى غۇزلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

Who is the Huren (胡人) that Luxun just sayid. The ''Huren'' is translated as ''Barbarian'' in the all English resource. İt is not right… :According to the Chinese resources

唐代的胡专指深目高鼻或高加索人种的西域人.

According to the books of Tang Dynasty, the Hu nation with deep eay and high nose or western region people with Caucasian rice. https://zh.wikipedia.org/wiki/%E8%83%A1%E4%BA%BA

南宋的《翻译名义集》曰："自汉至隋皆指西域以为胡国

The Translation Nomenclatur 《翻译名义集》*of South Song* 南宋 *Dynasty of China sayid : Xi Yu* 西域 *- the Western Region (now Xinjiang-Uighuria) was named Hu guo* 胡国 *(Ghuz State) since Han Dynasty*汉朝 *(B.C.206 - 220 A.D) until to Sui Dynasty* 隋朝 *(581 -618) . https://zh.wikipedia.org/wiki/%E8%83%A1%E4%BA%BA*

According to the Chinese – Uighur Nomeclature of History which publishid by Xinjiang Sience Technic Healty Press, Xinjiang Univercity Press 2003,

''The Hu ren 胡人*is the Ghuz (Uighurs), Hu bali*胡八里*is the Ghuz (Uighur's city),* 胡本草*Hu bencao is the Ghuz (Uighur's drugs),*胡兵 *Hu bing is the Ghuz (Uighur's military),*胡服*Hu fu is the Ghuz (Uighur's dress),*胡马*Hu ma is the Ghuz (Uighur's horse),*胡商*Hu shang is the Ghuz (Uighur merchents),*胡腾舞*Hu tengwu is the Ghuz (Uighur's jumping dance),*胡旋舞*Hu xuanwu is the Ghuz (Uighur's circle dance),*胡语*Hu yu is the local language ….''*

www.uyghurkitap.com

ئابلەت نۇردۇن ۋەلى ئەلى داۋۇت سايىم، خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى *283، 284، 285* بەتلەر شىنجاڭ پەن – تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى *2003* ئۈرۈمچى

Ablet Nurdun, Weli Eli, Dawut Sayim 汉维历史名词对照 新疆科技卫生出版社 *(W)* 新疆大学出版社*2003*年 乌鲁木齐

78. ئەگەر پۈتۈن دۇنياغا سەددىچىن سېپىلىنىڭ جوڭگونىڭ كونا چېگراسى، شىنجاڭ بولغىنىنىڭ جوڭگونىڭ يېڭى چېگراسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تەييار دەلىلنى نامەيەن قىلىشنى، دۇنيا جامائەتىنىڭ ھەققانى داۋامىزغا بولغان تەبىي ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى، شىنجاڭ دېگەن بۇ يېڭى چېگرادىن تېخمۇ ئوڭاي قۇتۇلۇشنى خالىساق،

79. ئەگەر كانادالىق ئالىم *Ethel G. Stewart* نىڭ *40* يىللىق تەتقىقاتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكانى *Cristopher Columbus* تىن *248* يىل ئاۋۋال يەنى *1244*- يىلى بايقىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخى ھادىسەنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

80. ئەگەر سەددىچىن سېپىلىنى زىيارەت قىلغان ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرىنى بۇ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشنى كىمدىن قوغدۇنۇش ئۈچۈن سېلىنغانلىقىنى بىلىپ قويۇشقا دالالەت قىلىشنى خالىساق،

15 Aralık 1982'de, Türkiye Cumhuriyeti Cumhurbaşkanı Kenan Evren Çin seddi'ni ziyaret ettiğinde, Çinli görevlilere ''Çin Seddi neden yapıldı'' diye sordu. Çinli Görevliler: Düşmanlara karşı gelmek için yapıldı, ancak Türklere karşı da kullandık diye cevapladı. Evren de bunun üzerine'', ''Artık Türkler yok. Herhalde rahatlamışsınızdır'' dedi .

AKP Genel Başkanı Recep Tayyip Erdoğan, 16 Ocak 2003 ‘de Çin Seddi’ne çıktı. Çinliler’in "Çin Seddi’ne bir kere çıkmayan yiğit sayılmaz" atasözünün anımsatılması üzerine de "Bunu bir Türke söylemek ayıp oluyor. Biz Türkler hariç" dedi.

28 Temmuz 2015,. Türkiye Cumhuriyeti Cumhurbaşkanı Recep Tayyip Erdoğan, Çinliler’in Çin Seddi’ne çıktı.

.Türkistanıdır. [age. s. 3,6]

81. ئەگەر”دۇنيادا يەر ئاستى سەددىچىن ” دەپ تونۇلغان تۇرپان كارىزلىرىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ *2000* يىل بۇرۇنقى سۇ-ئىنشائات جەھەتتىكى ئەقىل پاراسىتىنى يەنى تاغنىڭ سۈيىنى قۇياشنىڭ تەسىرىدىن قاچۇرۇپ، يەرئاستىدىن تۇزلەڭگە ئۇزۇتۇش لايىھەسىنى مولچەرلەشنى خالىساق،

82. ئەگەر خىتاي تىبابىتىدە پارلاق مەرۋايىت دەپ قارالغان يىڭنە داۋالاشنىڭ ئەسلىدە تارىختا دەسلەپ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغانلىقىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

بۇ خۇسۇستىكى تەتقىقاتلىرىم ئاۋۇستىرالىيەدە ئۇيۇشتۇرۇلغان *WFAS-2004 Gold-Coast, ICMART-2004 Sedney* خەلىقارا مەجلىسلىرىدە *Acupuncture Originated in Uighur* سەرلەۋھە بىلەن ئېلان قىلىنغان ۋە ئاۋۇستىرالىيە دە چىقىدىغان تۈركچە گېزىتلەردە، ئامېرىكا ئەركىن ئازىيە رادىيوسىدا تونۇشتۇرۇلغان.

يېقىندا نەشىر دىن چىقىدىغان تۇۋەندىكى ئەسەرلىرىمدە بۇ تەتقىقاتلىرىمنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە تۇركچە نۇسخىلىرى ئېلان قىلىنغۇسى...

83. ئەگەر ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخى دەۋرلەردىن بېرى تەبئىي ئاپەت ۋە كىسەللىكلەر بىلەن قىلغان ئامانسىز كورەشلىرى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر تىبابىتىگە ھەقىقى تۇردە ۋارىسلىق قىلىشنى خالىساق،

. ئەگەر تۇرك ئىرفانىنى، ئىلمىنى، تىبابىتىنى ئازىيەدە ئۇيغۇرلار ياراتقانلىغىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

Uygur Tababeti, emektar Uygur halkının uzun tarihi devirlerden beri doğal afet ve hastalıklarla yaptığı amansız mücadelelerin gelişme sürecinde oluşmuş ve çağımızda düzenli bir tedavi yötemi haline gelmiş bir bilim dalıdır. (1)

Uygurlar, birçok alanda olduğu gibi tıp alanında da büyük etkiler yaratmış bir topluluktur. Uygur medeniyetinin çağdaş medeniyetler arasında her yönüyle bir benzeri bulunmamaktadır. Türk irfanını, ilmini, tıbbını Asya 'da Uygurlar korumuştur.

Prof. Dr. Abduşükür Muhammet İmin 'in, Ğarbi Yurt Taşkemir Seneti adlı eserinde verdiği bilgilere göre, tarihi İpek Yolunun Karaşehir Hoten istikametindeki Kroran harabelerinden, Nevada koleksiyonunda da yeralan, eski Mu uygarlığına göre insanın ve tüm evrenin fiziksel dengesini temsil eden dört ilkel gücün bir nevi sembolü bulunmuştur. (7)

85. ئەگەر ئۇيغۇرمىللى داۋاسىنىڭ ئەرزان لوبىچىلىقىنى ئىدراك قىلىشىنى خالىساق،

لوبىچىلىق – كىشىلەرنىڭ ياكى مەخسۇس مەنپەئەت گۇرۇھلىرىنىڭ سىياسى قارار چىقىرىش جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىدە مۇراجىئەت قىلىنغان تەشەببۇسلەردۇر. بۇ ئۇقۇم – قانۇن چىقارغۇچىلارنىڭ مەلۇم بىر يۆنىلىشكە ئاۋاز بېرىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئادەتتە «مەجلىس كورىدورلىرى» دا (ئىنگلىزچە *Lobby*) يۈرگۈزۈلگەن پەردە ئارقىسى (ئارقا ئىشىك) سودىلىقلىرىغا قارىتىلغان. چاغىمىزدا لوبىچىلىق بولمىغان سىياسى تۈزۈم يوق.

ئامېرىكىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان لوبىچىلىقنىڭ بىرقانچە خىل شەكلى بار. تۈرلۈك گۇرۇپپىلارنىڭ مەجلىس ھەيئەتلىرى ئالدىغا چىقىپ كۆزقاراشلىرىنى چۈشەندۈرۈش، جامائەت ھوقۇقدارلىرىنى مەجلىس ئىشخانىلىرىدا، مېھمانخانىلاردا ياكى ئۆزلىرىدە «قىستاش»، جامائەت ھوقۇقدارلىرىغا مەكتۇپ يېزىشى، تېلېفون قىلىش ياكى بۇ خۇسۇستا دولقۇن قوزغاش مۇمكىن. تەشكىلاتلار خالىغان نامزاتلارغا پۇل بېرىش ياكى خىزمىتىنى قوللىشى مۇمكىن. جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىدە زامانىۋى يەتكۈزۈش ۋاستىلىرىنىڭ بارلىق تېخنىكىلىرى قوللۇنۇلغان، كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى ئالاقە باغلاش دولقۇنلىرى قوزغۇتۇلۇشى مۇمكىن. مەجلىس ھەيئەتلىرىگە مۇرەككەپ قانۇن تەكلىپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان قاپسامىلىق تەتقىقاتلار سۇنۇلۇشى مۇمكىن. قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىدىكى مەلۇم شەكىللەر بىلەن ياكى ئىجرا قىلغۇچىلارغا قارىتا تەسىرلىك سايلام قاتقىلىرى ياكى باشقا ياردەملەرنى بېرىشى مۇمكىن.

لوبىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر كۈچلۈك تىجارەت ياكى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ياكى ئىشچىلار سىندىكاسىنىڭ (ئۇيۇشمىسىنىڭ) بۇ ئىشقا مەسئۇل كادىرلىرى، پۇل بەدىلىگە ئىشلىگەن كەسپى لوبىچىلەر، ئىستەك ياكى شىكايەتلەرنى يەتكۈزۈشى ئۈچۈن ھەپىلەشكەن ئادەتتىكى يۇرتداشلاردىن بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىدا، شەھەرلەر، ۋىلايەتلەر (شتاتلار)، سەرپىيات بىرلىكلىرى، مۇھىت ئاسرىغۇچىلار «جامائەت پايدىسى» نى نازارەت قىلىدىغان باشقا گۇرۇپپىلار ۋە ئىتتىپاق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىمۇ لوبىچى خادىم ئىشلىتەلەيدۇ.

ئامېرىكا ئاساسى قانۇنىنىڭ قوشۇمچە 1 – ماددىسىغا ئاساسەن، پۇقرالار «ئۈچرىغان ھەقسىزلىك ياكى زىيانلارنىڭ تولىنىشى ئۈچۈن دۆلەتكە مۇراجىئەت قىلىشى» ھەقىقى كىپىلىككە ئىگە. ئىتتىپاق ھۆكۈمەت ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ كۆپچۈلۈكىدە لوبىچىلىق مەلۇم قانۇنى تۈزۈمگە باغلانغان. ئالاقىدار قانۇنلار لوبىچىلارنىڭ قاتقۇ ۋە چىقىملىرىنى تىزىملاپ مەلۇم قىلىشنى، ۋەكىللىك قىلغان گۇرۇپپىلارنىڭمۇ ئەينى مەلۇمات بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ قانۇنلارنىڭ تەسىرلىك بولۇشى گۇمانلىنارلىق. خۇسۇسەن جامائەت پىكرى توپلاپ، ھۆكۈمەتكە تەسىر كۆرسىتىشكە قارىتىلغان ۋاستىلىق لوبىچىلىق پائالىيەتلىرىنى تىزگىنلەش تەستۇر».

[ئانىنابرىتانىكا 14 – توم 543 – بەت]

شۇنى ئېتراپ قىلىش كېرەككى: دۇنيا موۋازىتىنىڭ بۇزۇلۇشى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنى يەككە زىيادە كۈچ ھالىغا كەلتۈردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىمۇ ئامېرىكىنىڭ ئىپادىسى بويىچە يۈرۈشىدىغان بولدى. نەتىجىدە خەلقئارا داۋالاردىمۇ لوبىچىلىق زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى. ھەرقايسى ئەللەر، خەلقئارا سەھنىلەردە مىللى مەنپەئەتكە تاقىلىدىغان ھەرخىل مەسىلىلىرىنى ئامېرىكادىكى لوبى شىركەتلىرىگە پۇل خەجلەپ ھەل قىلىدىغان بولدى.

تىبەت داۋاسى بىلەن ئەينى مەدەتكە ئېرىشەلمەسلىكىمىزدىكى تۈپ سەۋەپ مانا بۇ تۈرك دۈشمەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇ ھالدا تۈركچىلىكتە چىڭ تۇرۇۋېلىش تۈرك دۈشمەنلىكىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇشى تەبئى. مىليونلارچە دوللار خەجلەپ لوبى تېپىشقا ماغدۇرى يەتمەيدىغان ئۇيغۇر خەلقى ئەلۋەتتە بۇ دۈشمەنلىكنىڭ كاساپىتىدىن مەدەتتىن قۇرۇق قالىدىغان يولنى ئەمەس، ئارتۇقچە چىقىمدار بولماي دوست تاپالايدىغان مۆتىدىل يولنى تاللىغىنى تۈزۈك. بۇ تەشەببۇس ھەرگىز ۋاپاغا جاپا قىلغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. سەلبى تەسىردىن ساقلىنىشنى بىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئىجابى تەسىر كۆرسىتىش دېمەكتۇر.

دەرۋەقە، خەلقىمىزنىڭ مىللى ئازادلىق داۋاسىنى نوقۇل سىياسى چۈقانغا باغلىۋالماي مەۋجۇت ئاۋارىچىلىقلارنى ئوبدان تەھلىل قىلىشىمىز. ئىقتىسادى يوللىردىن يەنى «ئارقا

ئىشىك»لىرىنى تېپىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. چۈنكى نۆۋەتتە جاھاننىڭ رەپتارى بۇدۇر.

86. ئەگەر، ئامېرىكانىڭ، رۇسىيەنىڭ، ياۋرۇپانىڭ ۋە باشقا دىموكراتىك دولەتلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرى جەھەتتىكى تىگىشلىك مەدەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى،

87. ئەگەر، ئوتموشتىكى جوڭگو-سەۋىت ھەمكارلىقىنىڭ شەرقى تۈركىستان داۋاسىغا كەلتۈرگەن زىيان-زەخمەتلىرىدىن ساۋاق ئىلىشنى، كەلگۈسى خىتاي-رۇس ھەمكارلىقىدىن ھەزەر ئەيلەشنى خالىساق،

88.. ئەگەر فرانسۇۋا مىتراڭ (سابىق فىرانسىيە باشھاكىمى مىتراڭ نىڭ خانىمى) گىبى ھاياتىنى كۆرت ۋە تىبەت داۋاسىغا بېغىشلىغان غەرپ سىياسەتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرداۋاسىنى نىمە ئۈچۈن قوللىمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشۈنۈشنى، دۇنيا سەھنىسىدە تىبەت داۋاسى بىلەن ئەينى مۇئامىلە كورۇشنى خالىساق،

89. ئەگەر، خىتاي زۇلمى ئاستىدا ئەينى ئازاپ- ئوقۇبەت ۋە دات –پەرياتلارنى چىكىۋاتقان تىبەت، موڭغۇل قاتارلىق دەرت ئورتاقلىرىمىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىساق،

90. ئەگەر، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللى مۇستەقىلىق ھەركەتلىرىنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىدىن پايدىلىنىشنى خالىساق،

91. ئەگەر، خىتايدىكى دىموكراتىيەلىشىش ھەركىتىدىن پايدىلىنىپ، بىرقىسىم خىتاي رىئالىستلىرىنىڭ ھىسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالىساق،

92. ئەگەر ۋەتەن ئىچىدىكى زىيالىلىرىمىز ئاراسىدىن ئىلھام توختىدەك جوڭگونىڭ قانۇنلىرىنى ئوبدان ئىدراك قىلىپ قانۇنى ھەقلىرىمىز بىلەن ئوزىنى قوغداشنى بىلىدىغان ئەقىللىق سىياسەتچىلەرنىڭ كوپلەپ چىقىشىنى، بىرىبىرنى قوللاپ قۇۋەتلەيدىغان بىلىملىك زىيالىلار قوشۇنىنىڭ يىتىشىشىنى، بىرىبىرىمىزنى يىتىم قالدۇرماسلىقنى خالىساق،

www.uyghurkitap.com

93. ئەگەر مىللى مۇستەقىللىق داۋامىزنىڭ كەلگۈسىنى پەقەت چەت ئەللەردىكى ئازسانلىق پانتۇركىست ۋە پانئىسلامىست ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسى بويىچە ئەمەس، ئۇيغۇر ئېلىدىكى كوپ سانلىق خەلقنىڭ شەرت- شارايىتلىرى، مەۋجۇت ئىمكانلىرى بويىچە باھالاشنى خالىساق،

94. ئەگەر ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە سىياسەتنىڭ ئىنتىزارىنى چۈشۈنۈشنى، ئاي يۇلتۇلۇق كوك بايراقنى ئۇيۇقتا مەڭگۈ لەپىلدىتەلەيدىغان سىياسى غايەنى تاللاشنى خالىساق،

95. ئەگەر، دۇنيا سەھنىسىدە قازاق، قىرغىز، ئوزبەك، تاتار، تۇركمەن، ئازارى ۋە تۈرك قېرىنداشلىرىمىزدىن ئىلھام ئېلىشنى، ئەينى سالاھىيەتكە مۇيەسسەر بولۇشنى، ئىمكانسىز ھەۋەسلەرگە يۇگەن سېلىشنى خالىساق،

96. ئەگەر، خىتاي زۇلمىدا ئېزىلىۋاتقان، شىلىنىۋاتقان، قىيقىلىۋاتقان، سوقۇلۇۋاتقان، خارلىنىۋاتقان، زارلىنىۋاتقان، خورلۇنۇۋاتقان، زورلۇنۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنى بىر ئان ئاۋۋال مىللى كىملىك، مىللى ئاڭ، مىللى ھىسيات، مىللى غۇرۇر ۋە مىلى ئىپتىخارىغا ئېرىشتۇرۇش، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئۇيغۇتۇش، ئىچكى-تاشقى ئىمكانىيەتلەرگە كورە توغرا سىياسى غايە تاللاشقا دالالەت قىلىشنى خالىساق،

97. ئەگەر مۇنچىلىك تارىخى ئاساس، ئەنئەنە، مۇجىزەلىرىمىز تۇرۇغلۇق تىخىچە كىملىگىمىزگە ساھىپ چىقالماي، خوشامەت پەرۋانىسى، ئامانەت مەستانەسى بولوپ ئوزىمىزنى ئاۋارە قىلىشنىڭ ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى، ۋازكىچەلمەس ئادەت مەسىلىسىدىن چىقىرىپ نەتىجە سەنئىتىگە يۇزلەندۇرۇشنى خالىساق،

98. ئەگەر، ئۇيغۇر داۋاسى ئۇچۇن باش قاتۇرۇۋاتقان، جان كويدۇرۇۋاتقان پۇتۇن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى ئۇيغۇر كىملىگى، ئۇيغۇر مىللىتى، ئۇيغۇر ئېلى، ئۇيغۇر دەۋلىتى ۋە ئۇيغۇرىزىم يولىدا بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بىرجان- بىر تەن بولۇپ بىرلىشىشىنى خالىساق،

99. ئەگەر مەلۇم ۋاز كېچىلمەس مەنپىئەتلەر ۋەجىدىن مەۋجۇت ھادىسەلەرنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە، كورۇپ تۇرۇپ كورمەسكە سېلىپ، خۇپسەنلىك قىلىپ، يالغانچىلىقلارغا ئىشىنىش ۋە باشقىلارنى ئىشەندۇرۇشنىڭ بىر ھاماقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

100. ئەگەر، بۇگۇنكى مەۋجۇت ئىمكان ۋە جىددى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چاغداش (زامانىۋى) پەن-تېخنىكا بىلەن قۇراللانغان، بىر مىليارد ئۈچ يۈز مىليونلۇق نوپۇسقا ساھىپ، بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بەش دائىمى ھەيئەت ئەزاسى بولغان كۈچلۈك بىر خىتاي دولەتىنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇشى، ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاپ قىلىشى، خىتاي ئىمپىرىئالىزىمىنىڭ چوكىشىگە، دۇنيا مىقياسىدا دوست تاپالايدىغان ماخاتما گەندى يولىنى تۇتۇپ پۇرسەت كۈتىشىمىزگە باغلىق ئالەمشۇمۇل مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

101. ئەگەر يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان دەلىل ئىسپاتلارغا قايىل بولماي يەنىلا پانتۇركىزىم غايىسىگە باغلانغان بۇ شەرقى تۇركىستان ئاتالغۇسىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ئۇيغۇر سىياسەتچىلىرىنىڭ قىلمىشىنىڭ قىپ–قىزىل مەنتىقسىزلىك، قىپ-قىزىل ۋىجدانسىزلىق ياكى قىپ-قىزىل بەغەرەزلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ قىزىلىنىڭ قايسىسىنى تاللىۋىلىش ئۇلارنىڭ ئىختىيارىدا ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشنى خالىساق،

دىمەككى: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى مۇستەقىللىق داۋاسى شەرقى تۇركىستان دىن كورە ئۇيغۇرئېلى، ئۇيغۇرىيە ياكى ئۇيغۇرىستان شۇئارى ئاستىدادا يۇرگۇزۇلگىنى، يول خەرىتىسىمۇ ئۇنىڭغا بىقىپ ئۇيغۇرىزىم غايىسىگە كورە سىزىلغىنى تۇزۇك. چۇنكى بۇ ئۇيغۇرخەلقىنىڭ ھىچكىم ئىنكارقىلالمايدىغان، ھىچقانداق ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان تەبئى ھەققىدۇر.

بۇ تەۋسىيەم ئۇيغۇر داۋاسىغا كوڭۇل بولگەن مىللەتچى، ئۇممەتچى، سىياسەتچى، تارىخچى، تۇركىستانچى دوستلارنىڭ ۋە سىتراتىگىيە مۇتەخەسسىلىرىنىڭ تەكرار باشقاتۇرۇپ بىقىشىغا تۇرتكە بولۇپ قالسا، كوڭلىگە ئىنساپ بىرىپ ئەۋاشقا كىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس ...